بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ خۇش مۇبارەك رامىزان.............ژۇرنال تەھرىراتى 3

❖ قۇرئان كەرىمدىكى مىساللار ۋە كىشىلەرنىڭ مەۋقەسى . 5

❖ ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى.....فەرۇق موھتەرەم 12

❖ خىتـــاي ئىســـتىخباراتىنىڭ ئويـــۇنلىرى............
................................ئوبۇلقاسىم زەرەپشان 24

❖ كامىل مۇسۇلمان بولۇش........ئابدۇلئەھەد ھاپىز 39

❖ ياخشى ئىش قىلــش ۋە ئىشـنى ياخشـى قىلــش.....
.................................ئابدۇرېھىم دۆلەت 55

❖ چەتئەلدە تەبلىغ رولىنى يوقاتتىمۇ ياكى تەبلىغچىمـۇ....
..................................ھەبىبۇللا تەكلىماكانىي 73



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي

ژۇرنال

(پەسىللىك)

2019

2 ـ سان

(ئومۇمىي 27 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى :

سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۈسۈپ



تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇلئەھەد ئۆچقۇن

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

ئابدۇلئەھەد ئۆجات

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئابدۇرېھىم دۆلەت

مۆمىنجان سىدىق

ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىڭ

پىكىر-تەكلىپ بېرىڭ

ئېلخەت ئادرېسىمىز:

Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى

«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:

WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللىكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212-6243928*




ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىلىشكە، زالىملارنىڭ رەزىل ئويۇنلىرىنىڭ بەربات بولۇشىغا ۋە ئېزىلگەنلەرنىڭ، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى سۆيۈملۈك خەلقىمىزنىڭ خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن بىر نەپەس ئېلىشىغا ۋەسىلە بولۇشىنى جانابى ئاللاھ تائالادىن تىلەيمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، رامىزان ئېيى نۇسرەت ۋە غەلىبە ئېيىدۇر. ئىسلام ئۈممىتى مۇشۇ ئايدا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. بىز بۇ ئايدا ئالدى بىلەن بىزنى تۈرلۈك يامانلىقلارغا بۇيرۇيدىغان يامان نەپسىمىزنى يېڭىشنى ئۆگىنىشكە، ئاندىن دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىشقا موھتاجمىز.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى ئاللاھ تائالاغا كېتىپ بارغان بىر ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، ئادەتتە ھەرقانداق بىر سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈككە موھتاج بولغىنىمىزەك، بۇ ھاياتلىق سەپىرىمىزدىمۇ يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈككە موھتاجمىز. مەلۇمكى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئوزۇق-تۈلۈك تەقۋالىقتۇر. خۇددى ئادەتتىكى سەپەرلىرىمىزدە، يول بويى ئالدىمىزغا چىققان ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىن ماشىنىمىزغا ماي قاچىلاپ

www.uyghurkitap.com

ماڭغىنىمىزدەك، رامىزان ئېيىغا ئوخشاش ئىبادەت مەۋسىملىرىدە ئۆزىمىزنى روھىي ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەپ، تولۇقلاپ تۇرۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر. رامىزان ئېيى مۇئمىن ئادەمنىڭ ئۆزىنى رېمونت قىلىۋېلىشى، مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن چوڭ پۇرسەتلەرنىڭ بىرىدۇر. رامىزان ئېيى ئۆزىمىزنى تەربىيەلەش، ئەخلاقىمىزنى تۈزەش، تەقۋالىقىمىزنى ئاشۇرۇش يولىدا بىز ئۈچۈن چوڭ بىر ئىلاھىي مەكتەپتۇر، تەربىيەلىنىش كۇرسىدۇر. ئۇلۇغ رامىزان ئېيى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەتتۇر. چۈنكى بىزنىڭ دەردىمىز ئەڭ چوڭ دەرت، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن مۇسىبەت دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ بېشىغا كەلمىگەن ئېغىر مۇسىبەتتۇر. بىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە سالاھىيەتلىك بولۇشقا بولغان ئېھتىياجىمىز ھەقىقەتەن چوڭ ئېھتىياجدۇر. ب ىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلىنىشكە ھەرقانداق بىر مىللەتتىن بەكرەك موھتاجىمىز. شۇڭا، رامىزان ئېيىدىكى مەنىۋىياتقا تولغان خەيرلىك كېچىلەر بىزنىڭ چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان قىممەتلىك ۋاقتىمىزدۇر.

بۇ ئايدا ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ۋەتەندە ئوتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ۋە دۇنيا يۈزىدىن يوقىلىپ كېتىشكە يۈز تۇتۇۋاتقان سۆيۈملۈك خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا كېچە-كۈندۈز ئىلتىجا قىلىپ، چىن يۈرىكىدىن دۇئا قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشقا بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىشىنى تەۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ روزىسىنى ۋە بارلىق ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلغاي، ئامىن.

ھۆرمەت بىلەن:

-«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى






إِنَّ اللَّـهَ لَا يَسْتَحْيِي أَنْ يَضْرِبَ مَثَلًا مَا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّهِمْ وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُوا فَيَقُولُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَذَا مَثَلًا يُضِلُّ بِهِ كَثِيرًا وَيَهْدِي بِهِ كَثِيرًا وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلَّا الْفَاسِقِينَ (26) الَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ (27) كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَكُنْتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ (28) هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَوَاتٍ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ (29)

تەرجىمىسى

26 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ؛ بۇ مىسال بىلەن پەقەت پاسىقلارنى ئازغۇنلۇقدا قالدۇرىدۇ.

27 ـ ئۇ پاسىقلار ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىني قېرىنداشلىق

www.uyghurkitap.com

رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

28 ـ (ئى كاپىرلار!) ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ جانسىز ئىدىڭلار، ئۇ سىلەرگە هايات بەخش ئەتتى، كېيىن جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ (دەرگاھى)غا قايتۇرۇلىسىلەر.

29 ـ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان، ئاندىن ئاسمانغا يۈزلىنىپ، ئۇنى نۇقسانسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىغان زاتتۇر. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَنْ يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَا يَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ. (دېمەك) چوقۇنغۇچىمۇ چوقۇنۇلغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾[①] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار «ئاللاھ بۇنداق نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىغاندۇ؟» دېگەنگە ئوخشىغان بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشقان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَسْتَحْيِي أَنْ يَضْرِبَ مَثَلًا مَا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[②].

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دېمەكچى بولغانلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەقسەت قىلىنغان مەنىگە تۇرلۇك مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، مىسال كەلتۈرۈش مەنىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلاشتا پايدىلىق ئۇسۇلدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پاشا ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىمۇ مىسال قىلىپ كەلتۈرسە كەلتۈرۈۋېرىدۇ، بۇنىڭدىن ھېچ

[①] ھەج سۈرىسى: 73 ـ ئايەت.
[②] «تفسير القرطبي» 1 ـ توم، 231 ـ بەت.

تارتىنىپ قالمايدۇ.

ناۋادا، مىسال كەلتۈرۈلمەكچى بولغان نەرسە ئىسلام دىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىشلار بولسا كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ نۇر ۋە قۇياشقا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلەر بولىدۇ؛ مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسە بۇت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەر بولسا، كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ پاشا، چىۋىنغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەردىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە پاشا بىلەن تۆگە يارىتىلىشتا ئوخشاشتۇر، چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر.

مۆئمىنلەر قەلبلىرىدىكى ھىدايەت نۇرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ، ئەمما كاپىرلار بولسا، ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەيدىغان سۆزى «ئاللاھ پاشىغا ئوخشاش بۇنداق ئاددىي نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىكىنا؟»دىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە كەلتۈرگەن مىساللار بىلەن كۆپ كىشىلەر ئازغۇنلۇقتا قالغان بولسا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ھىدايەت تاپتى ۋە توغرا يولدا يۈرۈشكە مۇيەسسەر بولىدى. زادى ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى پاسىقلاردىن باشقىسى ئازغۇنلۇقتا قالمايدۇ. خۇسۇسەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا نامى ۋە سۈپەتلىرى تولۇق يېزىلغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتقان ۋە ئۆز كىتابلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بەزىسىگە ئىشەنمەيدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلسا، خرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ قولىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەقلىقىغا يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بار تۇرۇپ، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلىقى ۋە كاپىرلىقى ئۆزلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا خەلقلەرگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئىلگىرى ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىپ باقمىغان خەلق بولغانلىقتىن، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىگە نىسبەتەن بىلىملىك دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى توغرۇلۇق شەكلىنىپ قالغانلىقتىن، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلاردىن: «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەقمۇ ياكى بىزنىڭمۇ؟» دەپ سورىغان. ئەمما يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشرىكلارغا: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. شەكسىزكى، كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

﴿عَهْدَ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەر خىل بايانلاردا بولغان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر ﴿عَهْدَ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ئەمر-پەرمانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزغانلىقىدۇر، دېگەن.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالا روھىي ئالەمدە ئىنسانلاردىن ئالغان ۋەدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ. أَوْ تَقُولُوا إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، ئەلۋەتتە (سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساختا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر﴾[①]. بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىمغان ۋە

[①] ئەئراف سۈرىسى: 172-173- ئايەتلەر.

ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم روھىي ئالەمدە ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ بارلىق كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە مۇشۇنداق ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى قوبۇل قىلمىغانلار ئاللاھ تائالاغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىدۇ».

تەپسىرى سەئدى ۋە تەپسىرى جەزائىرى قاتارلىق تەپسىرلەرگە ئاساسلانغاندا، ﴿عَهْدَ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەت ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىش، تۇغقانچىلىق ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىگە ئەمەل قىلغانلىق سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ياكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، شۇنداقلا دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىنى بۇزغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىق سانىلىدۇ.

ئەللامە شەئراۋى مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان چېغىدىلا ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ۋەدىلەر مۇشۇ ۋەدىگە ئەگىشىدۇ، يەنى ئىنسان مەيلى بىرەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بەرگەن بولسۇن ياكى ئىنسانلارغا ۋەدە بەرگەن بولسۇن، بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ تەلىپى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سەن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئىكەنسەن، ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنلىرىغىمۇ ئىمان ئېيتىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلساڭ، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋاپا قىلغان بولسىدى»[1]. چۈنكى ئىمان مەسئۇلىيەتتۇر. يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرۈشكە قەسەمياد قىلغان ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كايىپ دەيدۇكى: سىلەر قايسى دەلىل ۋە قايسى ئىلمىڭلارغا ئاساسلىنىپ يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر يارىتىلىشتىكى پاك ھالىتىڭلارغا قارايدىغان بولساڭلار، مەۋجۇتلۇقۇڭلارنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇنىڭ دىنىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىڭلارنى بىلەتتىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقى سىرتىدا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى ۋە سىلەرنىڭ قەدرىڭلارنى كۆتۈرۈپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى. ئاندىن سىلەرنىڭ بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە يۆتكىلىدىغان ۋاقىتىڭلارنى بەلگىلىدى. سىلەر ئاخىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا سىلەر بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق ھېساب بېرىسىلەر، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى مۇكاپاتىنى، يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن سىلەر يوق ئىدىڭلار، شۇڭا تىلغىمۇ ئېلىنمايتتىڭلار. مانا بۇ-سىلەرنىڭ جانسىزلىق ھالىتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرنى ياراتتى، چىرايلىق سۈرەتتىكى راۋۇرۇس ئىنسان قىلدى. ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىش ئارقىلىق سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يارىتىلىشتىن بۇرۇنقى جانسىز ھالىتىڭلارغا قايتۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ»[2]. «قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ﴿قَالُوا رَبَّنَا أَمَتَّنَا اثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا اثْنَتَيْنِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، ئىككى قېتىم

[1] «تفسير الشعراوي» 12-توم، 7275-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 1-توم، 425-بەت.

تىرىلدۈردۈك﴾(①) دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سىلەر ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىنگە قاراڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى ۋە سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇردى. سىلەر بۇ زېمىننىڭ سىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلىدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشۇڭلار ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا يەتتە ئاسمانىنى ھېچبىر ئەيىب ـ نۇقسانسىز قىلىپ ئۈستۈڭلاردا ياراتتى. ھەرقانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، كائىناتنىڭ ئۆرنەكسىز ياراتقان يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنىڭ سىرلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئەڭ توغرىسى، بىز ئاسماننىڭ قانداق يۈكسەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ باش قاتۇرغاندىن كۆرە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز لازىم.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتا تارتىنىشقا بولمايدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ۋە ئوخشىتىشلار بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلىنى كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ھەقىقەتلەر بىلەن مۆئمىنلەر ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، كاپىرلار بولسا ئازغۇنلۇققا تېخىمۇ پاتىدۇ.

4. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، سۆزىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى ئەسلى ھالىتىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر. چۈنكى ھەرقانداق بوۋاق مۇسۇلمان ھالەتتە تۇغۇلىدۇ.

6. كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

7. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەممىشە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

---

(①) غافىر سۈرىسى 11 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى

فەرۇق موھتەرەم

— ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئاللاھنىڭدۇر —

رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تۈگمەس ئەزىيەتلىرى ئالدىدا ھەر دائىمقىدەك كەئبىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئالقىنىنى ۋە قەلبىنى ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك زاتقا ئېچىپ، سەجدىگە باش قويۇپ، ئەڭ گۈزەل ئىسىملار بىلەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ: «يا ئاللاھ! يا رەھمان!» دەپ يالۋۇرۇۋاتاتتى.

مۇشرىكلارنى ئاللاھقا شىكايەت قىلماي، ئۇلارغا بەددۇئامۇ ئوقۇماي، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى كۆرسىتىشىنى ۋە ئۆزىگە ئەمەس بەلكى شېرىكىنى تاشلاپ ئىمانىنى تاللىغان ئازغىنە مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ قىيىن - قىستاق ۋە ئەزىيەتلىرىنىڭ توختاپ قېلىشىنى تىلەۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە ئاللاھنىڭ، ھەقىقەت ۋە تەۋھىدنىڭ دۈشمىنى بىر مۇشرىك مۆكۈۋالغان قاراڭغۇ جايدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ئىلتىجالىرىنى تىڭشاۋاتقان ئىدى. ئۇ قۇلىقىغا كىرىۋاتقان سۆزلەردىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەۋھىد ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ سۆزىدىكى كەمچىلىكنى تېپىۋېلىپ مات قىلىۋېتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، تاڭ ئاتار - ئاتماس دوستلىرىنىڭ يېنىغا

بېرىپ، ئۇلارغا كېچە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى: «بۇ كىشىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ كېچىدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، بىزنى بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان مۇھەممەد ئەمدى ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ. بىز بىلىدىغان «رەھمان» ئۆزىنى تەڭرى دەۋالىدىغان يەمامە (يەمەن)نىڭ رەھمانى مۇسەيلەمە ئىسىملىك كىشى ئىدىغۇ! مۇھەممەدچە بولغاندا بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ئىلاھلىرىمىزنىڭ ھەممىسى باتىل ئىدىغۇ؟!»① دېدى. بۇ سۆزلەرگە قارىتا ئاللاھ تائالا: ﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى، ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾② دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

مەككە مۇشرىكلىرى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، گۈزەللىك ۋە سەتلىكنى، شادلىق ۋە قايغۇنى، ھەتتا ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئالاھىدە كۈچلەرگە ۋە تۈرلۈك ئىلاھلارغا باغلايتتى. يەككە ـ يېگانە ئىلاھنىڭ ھەر خىل ئىسىملىرى بارلىقىنى بىلمەيتتى ۋە ئويلىيالمايتتى. ئۇلار پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان قارىغۇلارچە تەقلىد بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى. بۇ

---

① تەبەرىي، جامىئۇل بايان، 17 ـ جىلد، 580 ـ بەت؛ ئەينى، ئۇمدەتۇل قارى، 5 ـ جىلد، 426 ـ بەت.
② ئىسرا سۈرىسى، 110 ـ ئايەت.

ساختا ئىلاھلارغا ئۆزلىرىچە نام بېرىشەتتى. بۇ ناملار ئىنتايىن بىمەنە ۋە قۇرۇق ئىدى: ﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت﴾③.

ئاللاھنىڭ رەھمان ۋە رەھىم دېگەندەك ئوخشاش ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدىن ھەربىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەڭرى دەپ چۈشىنىۋالغان ۋە ئۇلارنى ئۆز بۇتلىرىغا ئوخشىتىۋالغان مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئازغۇن قاراشلىرى مۇبارەك پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن ئوچۇق رەت قىلىندى. ئۇ كىشىلەرنى مۇشرىكلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئەقىدىلەرنى، بۇتلارنى، تەڭرىلەرنى، ۋاستىچى ئىلاھلارنى، قىسقىسى دىن ۋە ئېتىقاد نامى ئاستىدىكى پۈتۈن ئىشلارنى تۈپتىن رەت قىلىپ، تەۋھىدكە ۋە بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ يېگانە پادىشاھىغا بويسۇنۇشقا چاقىردى.

مۇشرىكلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىنساندا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان يېگانە ياراتقۇچىغا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىسىملىرىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئېڭىنى شەكىللەندۈرىدىغان بۇ بۈيۈك ئۆزگىرىش بىر قەيسەر يۈرەكنى، دائىم ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئەقىلنى ۋە

---

③ نەجم سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

گۈزەللىك ئىگىسىنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئېرىپ كېتىدىغان بىر قەلبنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا بۇ جەھەتتە پەيغەمبىرنى يالغۇز قويمايتتى. ئىلاھىي ۋەھيى ئارقىلىق ھەقىقەتلەرنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا تاشلاپ تۇراتتى. ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1]؛ ﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾[2]. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانى پەقەت ئىككى ـ ئۈچ ئىسىم بىلەنلا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىسىملار بىلەن ئاتىساق بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ ئۆزىنى بۇ ئىسىملار بىلەن تونۇشتۇرغان ۋە بۇ ھەقتە بىر قىسىم مىساللارنى بەرگەن[3].

﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار﴾[4]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلغان سەممىي بىر بەندە ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇ يوللارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاللاھقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. قانداق دۇئا قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ، بىزدىن: ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[5] دەپ دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەربىر ئايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر ھەدىسىدە، تېكىستىنىڭ ئىچىدە ياكى ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەنىلەر ئايلىنىپ يەنە ئۇنى تاپىدىغان، شۇنداقلا كەلىمىلەر ئېپادىلەپ تۈگىتەلمىگەن ۋە تۈگىتەلمەيدىغان بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ۋە بىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ ئېنىق سانى ۋە چېكى بارمۇ؟ كامالىتى، قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى چەكسىز بولغان بىر زاتنىڭ ئىسىملىرى پەقەت 99 بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ كۆپ سانلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 99 دېگەن سۆز كۆپكە، بەلكى چەكسىزلىككە دالالەت قىلىدىغان بىر سان بولۇپ، مۇھىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سانلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىغا چەك بېكىتمىگەن، ئەكسىچە بۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ دېگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىس رىۋايەتلىرىدىكى سان ۋە ئىسىملاردىمۇ بىر قىسىم پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن،

① ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت.
② تاھا سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
③ ھەشر سۈرىسى، 22 — 24 ـ ئايەتلەر.
④ ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت.
⑤ فاتىھە سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.

ئالتە مۇتىۋەر ھەدىسلەر توپلىمىدىن بىرى بولغان تىرمىزىينىڭ ھەدىسلەر توپلىمىدا[1] 99 ئىسىم بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 25 ئىسىم ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلەر توپلىمىدىكى[2] 100 ئىسمىنىڭ قاتارىدا يوق. شۇ بويىچە بولغاندا، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلەر توپلىمىدا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما تىرمىزىينىڭ ھەدىسلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلمىگەن 26 ئىسىم مەۋجۇت.

ئىنسان ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆرەلمەيدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىسمى ئوخشىمىغان يول ئارقىلىق پەرقلىق شەكىلدە ئۇنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر سۆزىدە، ھەر ئىشىدا، ھەر قەدىمىدە ئۇنى ئىزدىگەن ۋە قەلب كۆزى بىلەن قاراشنى بىلگەن كىشى ھەر جايدا ۋە ھەر نەرسىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىزنىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ھېس قىلالايدۇ[3].

ئۇنى ھېس قىلغانلىقنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىر يولى دۇئادۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ: ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾ دەپ بولۇپ، كەينىدىنلا بىزگە ئەسلى مەقسەتنى ئۇقتۇرۇپ: ﴿ئۇنىڭغا شۇ گۈزەل ئىسىملار بىلەن دۇئا قىلىڭلار﴾[4] دەيدۇ.

جانابى ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىسمى بىر پۈتۈنلۈكنىڭ پارچىسى ۋە كىشىلەرنىڭ زېھنىدىكى ئاللاھ تەسەۋۋۇرنى تاماملايدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر؛ ياكى بۇ ئىسىملار بىر ئوكياندىن ئېقىپ چىقىپ، پۈتۈن كائىناتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكەندىن كېيىن، يەنە ئوخشاش يەرگە قۇيۇلىدىغان سانسىز ئۆستەڭلەرگە ئوخشاشتۇر. ئاللاھقا يۈزلەنگەنلەر سەپەرگە ئاتلىنىپلا چەكسىزلىكنى بايقايدۇ. ۋىسال پەيتىنىڭ زامان ۋە سانلارغا سىغمايدىغانلىقنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق يوللارنىڭ ۋە سەپەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان ئاللاھ ئۆزىنى بەندىلىرىنىڭ تونۇشىغا ۋە ئىدراكىغا تاشلاپ قويىدۇ. بۇ ھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «بەندەم مېنىڭ قانداق بولۇشۇمنى ئويلىسا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولىمەن. ئۇ مېنى ئەسلىسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە ئەسلەيمەن. ئەگەر مېنى بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە،

---

① تىرمىزىي، 3507 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.
② ئىبنى ماجە، 3861 ـ ھەدىس، كىتابۇد دۇئا.
③ بەقەرە سۈرىسى، 115 ـ ئايەت.
④ ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت.

مەن ئۇنىڭغا يۇگۈرۈپ بارىمەن»[①].

ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىق ئىسىملىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ دۇئا قىلماقتا: «ئى ئاللاھ! سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان، ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان، ياكى مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ بىرەرسىگە بىلدۈرگەن، ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبىي ئىلمىڭغا خاس قىلغان ھەربىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەن ... »[②].

شۈبھىسىزكى، «دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىبادەت»[③]، «دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكى»[④]، بەلكى دۇئا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. چۈنكى، دۇئا مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا بولسۇن، مەيلى تىلدىن تۆكۈلسۇن ياكى كۆڭۈلدىن كەچسۇن، ھەر نىداغا قۇلاق سالىدىغان ﴿ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى﴾[⑤] زات بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرخىل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش دۇئالارنىڭ ئەڭ ساپ ۋە سەممىيسىدۇر. بۇ سەممىيەتنىڭ مۇكاپاتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلغان: «ئاللاھنىڭ 99، يەنى بىر كەم 100 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى ئىگىلىسە جەننەتكە كىرىدۇ»[⑥]. ھەدىستىكى «ئىھسا» (ئىگىلەش) پېئىلىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ساناش» دېگەنلىك بولۇپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ئوقۇپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىلىرىنى ئۆگىنىش، بۇ ئىسىملار بىلەن دۇئا قىلىش ۋە بۇ ئىسىملار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي ئەخلاققا لايىقىدا ئەمەل قىلىشتۇر.

ئىمام غەززالىي ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ھەققىدە «ئەل مەقسەدۇل ئەسنا» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابىدا ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى پەقەت ئوقۇش، ئاڭلاش ياكى مەنىلىرىنى بىلىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئىسىملاردىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇئمىن كىشى بۇ ئىلاھىي سۈپەت ۋە ئىسىملارنىڭ مەنە ۋە مەزمۇنلىرى ئارقىلىق ھاياتىنى تېخىمۇ بېيىتىشى ۋە بۇ ئىسىملاردا جەۋلان قىلغان ئىلاھىي ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشى كېرەك[⑦].

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى

---

① مۇسلىم، 6805 ـ ھەدىس، كىتابۇز زىكر.
② ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 3712 ـ ھەدىس، 1 ـ جىلد، 392 ـ بەت.
③ تىرمىزىي، 3372 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.
④ تىرمىزىي، 3371 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.
⑤ بەقەرە سۈرىسى، 137 ـ ۋە 181 ـ ئايەتلەر.
⑥ بۇخارىي، 2736 ـ ھەدىس، كىتابۇش شۇرۇت.
⑦ غەززالىي، ئەل مەقسەدۇل ئەسنا، 45 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىپ قويۇشتىنمۇ بەكرەك ئۇ ئىسىملارنىڭ تەجەللىسىنى (ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىشىنى) ئارزۇ قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. كىشى بۇ ئىسىملارنى ئۆگىنىۋېتىپ: «ئى روھىم ۋە تېنىمنىڭ ئوزۇقىنى يارىتىپ ماڭا رىزىق بەرگۈچى!» دېگەن ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ ئۇ كىشىنىڭ رىزقىغا كېپىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. بۇ رىزىق ۋاقتى كەلگەندە ئۆز ئىگىسىنى تاپىدۇ ۋە ھېچقانداق كۈچ بۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ئۇ كىشى يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە سۆزلىرىدە راستچىل بولغىنىدەك: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان﴾[1] دېگەن ۋەدىسىدىمۇ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھقا ئەڭ چوڭ تۆزكورلۇق قىلغانلارمۇ رىزقىنى ئاللاھنىڭ بۇ ئىسمىنىڭ تەجەللىسىدە تاپىدۇ. «ئاڭلىغان ئەزىيەتكە ئاللاھ تائالادىنمۇ بەكرەك سەۋر قىلىدىغان ھېچكىم يوق. چۈنكى ئىنسانلار: ‹ئاللاھنىڭ بالىسى بار› دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېنىنى ساغلام قىلىدۇ ۋە رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ»[2]. ئىنسان چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپمۇ يەنە: «ئى ناھايىتى شەپقەتلىك زات! ئى ناھايىتى مېھرىبان زات!» دەپ كۆڭلىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى پۈكۈپ، ئۇ چەكسىز رەھمەتنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ. ئۈمىدىنىڭ يەردە قېلىشىنى ئويلىشىپ يۈرمەي، ئاللاھنى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3] دەپ تونۇيدۇ.

ئىنسان بۇ نۇقتىدىن كېيىن ئالدىغا قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولىدۇ. بۇ تەرزدە پىشىپ يېتىلگەن بىر ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى ئاللاھنىڭ بارلىق ئىسىملىرىنى ئۆگىنىش، تونۇش، يادلاپ ئىگىلەش ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىشنىڭ تۇرمۇشقا ئەمەلىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ كېلىشىدۇر. مۆئمىن كىشىدىن تەلەپ قىلىنغان نەرسە رەببىنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، ھەربىرىنى چۈشىنىپ ئىلاھىي ئەخلاقتىن نېسىۋىسىنى ئېلىش ۋە بۇنى شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ھاياتقا ئېلىپ كىرىشتۇر. رەببىمىز ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قانداق بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئىشارەت قىلىۋاتمامدۇ؟ بارچە چىنلىقلاردا، تاكامۇللۇقتا، ھېكمەت ۋە گۈزەللىكلەردە

① ھۇد سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

② بۇخارىي، 6099 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

③ زۇمەر سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.

تەجەللى قىلىپ، ئىسىملىرىنى كۈچتىن ھەرىكەتكە، نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكە ۋە ئىلىمدىن ئەمەلگە ئايلاندۇرۇۋاتامدۇ؟ شۇنداقكەن، بەندىدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى بۇ ئىسىملارنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارنى ھاياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش بولماسمۇ؟

شۇڭا، «خەزىنىلىرى ھەر زامان لىق، خەجلەش بىلەن تۈگەپ قالمايدىغان نېمەتلەرنىڭ ئىگىسى، ھەر ۋاقىت سېخىي، نېمەتلىرى كېچە-كۈندۈز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ۋە ئاسمان-زېمىننى ياراتقاندىن بۇيان بېرىپ تۇرسىمۇ ئىلكىدىكى نېمەتلەر ئازراقمۇ كېمىيىپ قالمايدىغان»①، «ئۆزىگە قول كۆتۈرۈپ يالۋۇرغان بەندىسىنىڭ قولىنى بوش قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدىغان»② ئاللاھ ئەسلىدە بىزلەرنىڭ قانداق بولۇشىمىز ۋە قانداق ئىش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرمۇ سېخىي بولۇڭلار، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلارنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە بېرىڭلار». مۇتلەق ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى مانا بۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە)، ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾③.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتلەق ياخشىلىقنى تونۇشتۇرۇپ، جانابى ئاللاھنىڭ بىزدىن كۈتكەنلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ»④؛ «ئاللاھ پاكتۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاللاھ سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ مەردتۇر، مەردلىكنى ياخشى كۆرىدۇ»⑤؛ «ئاللاھ مۇلايىمدۇر، مۇلايىملىقنى (نازۇكلۇقنى، سىپايىلىكنى، رەھىمدىللىك ۋە ئېھسانىنى، مېھىر-شەپقەتنى) ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاللاھ مۇلايىم كىشىلەرگە شۇنداق رەھمەت قىلىدۇكى، بۇنداق رەھمەتنى قوپال ۋە ناچار خۇلقلۇق كىشىلەرگە ۋە باشقىلارغا قىلمايدۇ»⑥. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى رېتى بويىچە بايان قىلىپ بىزلەرگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: سىلەرمۇ كۈچ-قۇۋۋىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزئارا مۇلايىم بولۇڭلار! بىر-بىرىڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە نازۇكلۇقنى، سىپايىلىكنى، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى تەرك ئەتمەڭلار! ئاللاھتىن سورىغىنىڭلاردا ئۆزۈڭلاردىن نېمىنى ۋە قانداق سورايدىغىنىڭلارنى بىلىڭلاركى تىلىكىڭلار ئىجابەت بولسۇن!

مانا بۇ خىل ئاڭلىقلىق ئىبادەتلەردىن تارتىپ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگىچە ——

① بۇخارىي، 7411-ھەدىس، كىتابۇت تەۋھىد.
② ئىبنى ماجە، 3865-ھەدىس، كىتابۇد دۇئا.
③ ئال ئىمران سۈرىسى، 92-ئايەت.

④ مۇسلىم، 265-ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.
⑤ تىرمىزىي، 2799-ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.
⑥ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 902-ھەدىس، 1-جىلد، 112-بەت.

تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تۇتىشىدۇ. دەرۋەقە ئاللاھقا ئەڭ يېقىن ۋاقتىمىز ھېسابلىنىدىغان ئىبادەت ۋاقىتلىرىدا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالىمىز: «سالام (خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى) ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغىنىڭلاردا ‹ئەتتەھىيياتۇ›نى ئوقۇڭلار. ‹ئەتتەھىيياتۇ›نىڭ ئاخىرىدىكى: ‹بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالام بولسۇن› دېگەن تىلەكنى ئوقۇغىنىڭلاردا ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق بەندىلەرگە سالام قىلغان بولسىلەر...»①. دېمەك، ئىنسان ھەر كۈنى نامازدا نەچچە رەت ئوقۇيدىغان «ئەتتەھىيياتۇ» ئارقىلىق بىر تەرەپتىن خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى سالام (ئاللاھ) غا، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق مەخلۇقاتقا سالام بەرگەن بولىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىمۇ يەنە رەببىمىزنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتالايمىز. ئاللاھ تائالا ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق ۋە قان-قېرىنداشلىق ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئىسمىغا ئىشارەت قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىق بىر قۇدسىي ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مەن رەھمان، مەن رەھىمنى يارىتىپ ئىسمىمنىڭ بىر پارچىسىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردىم (يەنى رەھىم دەپ ئاتىدىم). كىمكى سىلە-رەھىم قىلسا، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن؛ كىمكى سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويسا، مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزۈپ تاشلايمەن»②. چەكسىز ھېكمەت ئىگىسىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولغان رەھمان شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۆزىمىز ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىزدىمۇ ئىلاھىي بىر مەنە يوشۇرۇنغان.

دەرھەقىقەت ئاللاھ تائالا بىز كۈتمىگەن جايدا ۋە ئويلىمىغان ۋاقىتتا بىز بىلەن بىللىدۇر. ھەقىقىي كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەر گۈزەللىكنىڭ، ھەر ياخشىلىقنىڭ ۋە ھەر مۇكەممەللىكنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتالايمىز؛ دوست ئىزدىسەك دوستىمىز، قىيىنچىلىق ئالدىدا ياردەمچىمىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيمىز. ئۇنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتى ۋە سۆيگۈسىنى جاۋابسىز قويۇش ھەقىقىي دوستقا قىلىنغان ئەڭ چوڭ تۇزكورلۇق ۋە ناكورلۇق بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان تىرمىزىيدىكى ھەدىسكە بۇ چۈشەنچىمىز بىلەن قايتىدىن قاراپ چىقايلى:

1. ئاللاھ: ئۇ باردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

① ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 3919-ھەدىس، 1-جىلد، 411-بەت.

② ئەبى داۋۇد، 1694-ھەدىس، كىتابۇز زاكات.

2. ئەررەھمان: دۇنيادا ھەممە مەخلۇقاتقا مەرھەمەت ۋە ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

3. ئەررەھىيم: ئاخىرەتتە پەقەت مۇئمىنلەرغىلا شەپقەت ۋە ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

4. ئەلمەلىك: جىمى مەۋجۇداتنىڭ مۇتلەق پادىشاھىدۇر.

5. ئەلقۇددۇس: ھەممە نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر.

6. ئەسسالام: تىنچلىق ساھىبىدۇر، سالامەتلىك بېغىشلىغۇچى ۋە خاتىرجەم قىلغۇچىدۇر.

7. ئەلمۇئمىن: خاتىرجەملىك ئاتا قىلغۇچى، ئامانلىق بەرگۈچى، قوغدىغۇچى ۋە ئىمان نۇرى ئاتا قىلغۇچىدۇر.

8. ئەلمۇھەيمىن: ھەر شەيئىنى نازارەت قىلىپ كۆزەتكۈچى ۋە ھەممە مەۋجۇداتنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.

9. ئەلئەزىز: ئىززەت ساھىبى، ھەممىدىن غالىب ۋە تەڭداشسىز زاتتۇر.

10. ئەلجەببار: بۈيۈكلۈك ۋە قۇدرەت ئىگىسى، خالىغىنىنى قىلغۇچى ۋە قىلدۇرغۇچىدۇر.

11. ئەلمۇتەكەببىر: ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر.

12. ئەلخالىق: ياراتقۇچى ۋە يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر.

13. ئەلبارىئ: ھەر شەيئىنى نۇقسانسىز ۋە بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن پەيدا قىلغۇچىدۇر.

14. ئەلمۇسەۋۋىر: جىمى مەۋجۇداتقا شەكىل ۋە سۈرەت بەرگۈچىدۇر.

15. ئەلغەففار: گۇناھلارنى ناھايىتى كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر.

16. ئەلقەھھار: مۇتلەق بويسۇندۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر.

17. ئەلۋەھھاب: بەدەلسىز نېمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

18. ئەررەززاق: ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر.

19. ئەلفەتتاھ: ھەرقانداق توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

20. ئەلئەلىيم: يوشۇرۇن ـ ئاشكارا، ئۆتمۈش ـ كەلگۈسى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

21. ئەلقابىز: خالىغىنىنىڭ رىزقىنى تار قىلغۇچىدۇر؛ ھەممىنىڭ جېنىنى ئالغۇچىدۇر.

22. ئەلباسىت: خالىغىنىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغۇچىدۇر؛ تەنلەرگە روھلارنى يايغۇچى ۋە ھۇزۇرلاندۇرغۇچىدۇر.

23. ئەلخافىز: خالىغانىنى تۆۋەنلىتىپ پەس قىلغۇچىدۇر.

24. ئەررافىئ: خالىغانىنى قەدىرلەپ يۇقىرى كۆتۈرگۈچىدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

25. ئەلمۇئىزز: خالىغىنىنى يۈكسەلدۈرۈپ ئەزىز قىلغۇچىدۇر.

26. ئەلمۇزىل: خالىغىنىنى تۆۋەنلىتىپ خار قىلغۇچىدۇر.

27. ئەسسەمىئ: ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر؛ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

28. ئەلبەسىر: يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ھەر شەيئىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

29. ئەلھەكەم: مۇتلەق ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت ساھىبىدۇر.

30. ئەلئەدل: ئەڭ مۇكەممەل ئادالەت ئىگىسىدۇر، ئادىللىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر؛ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان زاتتۇر.

31. ئەللەتىيف: كۆيۈنگۈچى ۋە ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

32. ئەلخەبىير: ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.

33. ئەلھەلىيم: جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئېغىر ـ بېسىق زاتتۇر.

34. ئەلئەزىيم: ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ كاتتا زاتتۇر.

35. ئەلغەفۇر: ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

36. ئەششەكۇر: ئاز ئەمەلگە كۆپلەپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

37. ئەلئەلىي: ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئالىي زاتتۇر.

38. ئەلكەبىير: بۈيۈكلۈكتە تەڭدىشى يوقتۇر.

39. ئەلھەفىيز: مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر.

40. ئەلمۇقىيت: ھەممىنىڭ ئوزۇقىنى ياراتقۇچىدۇر.

41. ئەلھەسىيب: بەندىلىرىدىن ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ تېز رەۋىشتە ھېساب ئالغۇچىدۇر.

42. ئەلجەلىيل: ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسىدۇر.

43. ئەلكەرىيم: كەرەملىك ۋە ئىنئام ـ ئېھسانى مول زاتتۇر.

44. ئەررەقىيب: ھەر ئىشنى ۋە ھەر جانلىقنى ھەمىشە كۆزەتكۈچى ۋە نازارەت قىلغۇچىدۇر.

45. ئەلمۇجىيب: دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

46. ئەلۋاسىئ: رەھمىتى، قۇدرىتى ۋە ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچىدۇر.

47. ئەلھەكىيم: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

48. ئەلۋەدۇد: ياخشى كۆرگۈچى ۋە ياخشى كۆرۈلۈشكە لايىق زاتتۇر.

49. ئەلمەجىيد: مەرتىۋىسى ئۈستۈن ۋە نېمىتى چەكسىز زاتتۇر.

50. ئەلبائىس: ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگۈچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

51. ئەششەھىد: ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

52. ئەلھەقق: مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىلاھلىقى ھەق، شۇنداقلا مۇتلەق ھەقىقىي زاتتۇر.

53. ئەلۋەكىل: ئىشەنچلىك ۋە ھەممە نەرسىگە ھامىي زاتتۇر.

54. ئەلقەۋىي: قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ساھىبىدۇر.

55. ئەلمەتىين: قۇۋۋىتى ھەممىگە يەتكۈچىدۇر.

56. ئەلۋەلىي: مۇئمىنلارنىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسىدۇر.

57. ئەلھەمىد: مەدھىيەگە لايىقتۇر.

58. ئەلمۇھسىي: مەۋجۇداتنى ئەڭ ئىنچىكە ئىگىلىگۈچىدۇر.

59. ئەلمۇبدىئ: تۇنجى ۋە ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر.

60. ئەلمۇئىيد: ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگۈچىدۇر.

61. ئەلمۇھيي: مەخلۇقاتلارغا ھاياتلىق ۋە جان ئاتا قىلغۇچىدۇر.

62. ئەلمۇمىيت: ھەر جانلىققا ئۆلۈمنى تېتىتقۇچىدۇر.

63. ئەلھەيي: ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچىدۇر.

64. ئەلقەييۇم: ھەر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭغا باغلىقتۇر؛ كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

65. ئەلۋاجىد: ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

66. ئەلماجىد: شانۇ-شەۋكىتى بۈيۈكتۇر.

67. ئەلۋاھىد: بىر ۋە يېگانىدۇر.

68. ئەسسەمەد: ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر. ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

69. ئەلقادىر: كۈچلۈكتۇر. ھەر شەيئىگە قادىردۇر.

70. ئەلمۇقتەدىر: مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدىن خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر.

71. ئەلمۇقەددىم: خالىغىنىنى ئىلگىرى قىلغۇچىدۇر.

72. ئەلمۇئەخخىر: خالىغىنىنى كېچىكتۈرگۈچىدۇر.

73. ئەلئەۋۋەل: مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر.

74. ئەلئاخىر: مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىنتىھاسى يوقتۇر.

75. ئەززاھىر: بارلىقى ۋە بىرلىكى ئوچۇق-ئاشكارىدۇر.

76. ئەلباتىن: زاتى ۋە ماھىيىتىنى ئەقىل ئىدراك قىلىشتىن مەخپىي زاتتۇر.

77. ئەلۋالىي: پۈتكۈل كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر.

78. ئەلمۇتەئالىي: چەكسىز

يۈكسەك ۋە ئۈستۈندۇر.

79. ئەلبەرر: ياخشىلىقى ۋە ئېھسانى چەكسىزدۇر.

80. ئەتتەۋۋاب: تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

81. ئەلمۇنتەقىم: گۇناھكارلارنى جازالىغۇچى ۋە مەزلۇملارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگۈچىدۇر.

82. ئەلئەفۇۋۇ: ناھايىتى ئەپۇچاندۇر، گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر.

83. ئەررەئۇف: ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

84. مالىكۇل مۇلك: پادىشاھلىقنىڭ ھەقىقىي ساھىبىدۇر.

85. زۇلجەلالى ۋەلئىكرام: ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىكتۇر.

86. ئەلمۇقسىت: ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

87. ئەلجامىئ: جۇغلاپ تۈزگۈچى ۋە قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى بىر يەرگە توپلىغۇچىدۇر.

88. ئەلغەنىي: ھەممىدىن بىھاجەتتۇر.

89. ئەلمۇغنىي: بىھاجەت قىلغۇچى ۋە باي قىلغۇچىدۇر.

90. ئەلمانىئ: خالىمىغان شەيئىنىڭ ئالدىنى توسقۇچىدۇر؛ ياقتۇرمىغان شەيئىنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم توسۇق بولغۇچىدۇر.

91. ئەززارر: ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچىدۇر.

92. ئەننافىئ: پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر.

93. ئەننۇر: مەۋجۇداتنى يورۇتقۇچىدۇر؛ نۇرنىڭ مەنبەسىدۇر.

94. ئەلھادى: ھىدايەت قىلغۇچىدۇر.

95. ئەلبەدىيئ: سەنئەتلىك، تەڭداشسىز ۋە ئۆرنەكسىز يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر.

96. ئەلباقىي: مەڭگۈ باقىي قالغۇچىدۇر.

97. ئەلۋارىس: بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىي ساھىبىدۇر.

98. ئەررەشىد: توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

99. ئەسسەبۇر: ناھايىتى سەۋرچاندۇر.[①]

---

[①] (تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەييارلانغان يەتتە توملۇق «ھەدىسلەر بىلەن ئىسلام» ناملىق ھەدىس شەرھىسى كىتابىنىڭ بىرىنچى تومىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ ئويۇنلىرى

ئوبۇلقاسىم زەرەپشان

ئىستىخبارات خەۋەر ۋە مەلۇمات ئىگىلەش دېگەن مەنىدە بولۇپ، دۆلەتنى ئىچكى ـ تاشقى خىرىسلاردىن قوغدايدىغان ئورگاندۇر /56+. ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئادەتتە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن تارماقلىرى بولىدۇ. خىتاي ئىستىخباراتى MSS، ئىسرائىلىيە ئىستىخباراتى MOSSAD، ئامېرىكا ئىستىخباراتى CIA، رۇسىيە ئىستىخباراتى FSB، تۈركىيە ئىستىخباراتى MIT دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغاندەك، خەلقئارادا ھەر دۆلەت ئىستىخباراتلىرى قىسقارتىلغان ئايرىم ئىسىملىرى بىلەن تونۇلىدۇ.

ئىستىخبارات ئورگانلىرى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارىغان ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەرنى پاش قىلىش ۋە پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، بەزىدە شەيتانىڭمۇ ئېسىگە كەلمىگەن ئويۇنلارنى ئوينايدۇ ۋە تۈرلۈك تۇزاقلارنى قۇرىدۇ. ئىستىخبارات كۈچى ھەر قانداق قاتتىق كۈچلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە بەزى قاتتىق كۈچلەر بىتەرەپ قىلالمىغان ئىشلارنى بىتەرەپ قىلالايدۇ. ئىستىخبارات ئويۇنلىرى كۆپىنچە، ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنى يەمچۈك قىلىش، ھەققەت تونلىرىنى سەرمايە قىلىش ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى مۆتىۋەر شەخسلەرنى قوللىنىش بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان مۇستەملىكە قىلىنغاندىن بېرى، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا

ھەرخىل ئىستىخبارات ئويۇنلىرىنى ئويناپ ۋە تۈرلۈك تۇزاقلارنى قۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت 1990-يىلدىن كېيىن ئوينالغان ۋە ئويلىنىشۋاتقان بەزى ئويۇنلار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز. ئۇ ئويۇنلارنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1- تەشكىلات قۇرۇش ئويۇنى.

خىتاي ئىستىخباراتى 1990-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، شەرقىي تۈركىستاندا بىر يۈرۈش تەشكىلات قۇرۇش ئويۇنى ئوينىغان. ئۇ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىللىي ئويغىنىش، دىنىي گۈللىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر كۆپەيگەن بولۇپ، خىتاي ئىستىخباراتى بۇ ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ۋە تەشكىللىگۈچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، يالغان تەشكىلات قۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە دىنىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن جاسۇسلىرىنى كىرگۈزگەن. ھەققەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان بۇ جاسۇسلار كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەت قىلىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئىقتىساد ۋە قوراللارنىڭ تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىدا بايلار، گېنراللار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئوت يۈرەك ياشلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشقا قىزىقتۇرغان.

خىتاي ئىستىخباراتى بۇ ئويۇنلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن تەشكىلاتلارنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى پىلاندىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، نۇرغۇن ئوت يۈرەك ياشلارنى نابۇت قىلغان. بارىن ئىنقىلابىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بارىن ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى زەيدىن يۈسۈپ قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ 1989-يىلدىن ئېتىبارەن بارىن يېزىسىدا مەخپىي «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى قۇرۇپ، پائال ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قورال-ياراغ تەييارلاپ، تەشكىلات ئەزالىرىنى مەشىقلەندۈرگەن. لېكىن خىتاي ئىستىخباراتى ئۆزى قۇرغان يالغان تەشكىلاتلىرى ۋە جاسۇسلىرى ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتنى سېزىپ قېلىپ، زەيدىن يۈسۈپنى پىلاندىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، زەيدىن يۈسۈپ 1990-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا، نەق مەيداندا ئوق تېگىپ شېھىت بولغان. زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى بارىن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ سانى تېخى تولۇق 500 كىشىگىمۇ يەتمىگەن بولۇپ، بۇلاردىن زەيدىن يۈسۈپ، ئىسھاق ھوشۇر، مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

تۇردى، مۇھەممەد تۇرسۇن قاتارلىق 107 نەپەرى قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭىدە خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان، 289 كىشى تۇتقۇن قىلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئېلىپ بارغان قوراللىق تىنچىتىش ھەرىكىتىدە پۈتۈن بارىن يېزىسىدىكى خەلق، مەيلى ئىنقىلابقا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا بىگۇناھ ئايال ۋە باللارمۇ ئوققا تۇتۇلغان، بارىن يېزىسى ۋە باشقا يېزىلاردىن بولۇپ، نەچچە مىڭ كىشى تۇتقۇن قىلىنغان①.

2-ھىزبۇتتەھرىرنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى.

ھىزبۇتتەھرىرنى 1924-يىلى ئىستانبولدا ئوسمانىيە ئىسلام خەلىپىلىكى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالىغا قاتتىق ئېچىنغان قازى تەقىيىددىن نەبھانى 1953-يىلى پەلەستىننىڭ قۇددۇس شەھىرىدە قۇرغان. ھىزبۇتتەھرىر ئۆز باياناتىغا كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشتىن ۋە ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مەككە دەۋرىدىكى ئىش ئىزلىرىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىپ، سىياسىي ۋە پىكرىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئۆز غايىسىگە يېتىشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى قىلغان، قوراللىق ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدىغان، ئىسلام خىلاپىتىنى تىكلەشكە ۋە خىلاپەت سايىسى ئاستىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىدىغان ئىسلامىي پارتىيىدۇر.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكى «خەلىپىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلانغان ئەمىر رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئەمىرلىك مۇددىتى بەلگىلەنمەيدۇ. ئەمىرلىك خەلىقئارالىق بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق ئەزالىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھىزبۇتتەھرىرگە 1953-يىلدىن 1977-يىلغىچە قازى تەقىيىددىن نەبھانى، 1977-يىلدىن 2003-يىلغىچە ئابدۇلقەدىم زۇلۇم، 2003-يىلدىن ھازىرغىچە ئاتا خېلىل ئەبۇ رىشتە ئەمىر بولغان.

ھىزبۇتتەھرىر قۇرۇلغاندىن بېرى بىر قانچە باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ھىزبۇتتەھرىر قازى تەقىيىددىن نەبھانى ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەرگەن بىر تۈركۈم شەخسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، پەلەستىن غەربىي قىرغاق رايونىدا ئاشكارە ئېلان قىلىنىپ، نۇرغۇن خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، مەشھۇر ئەزالىرىنىڭ بىرى بولغان ئەھمەد دائۇر ئىسىملىك كىشىنى 1955-يىلى غەربىي قىرغاق

① مەنبە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى.

رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشتۇرۇپ، پارلامېنتنى ئۇرۇن ئىگىلەشتە غالىبە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھىزبۇتتەھرىر بەزىدە ئاشكارە، بەزىدە يوشۇرۇن ھالدا پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر قانچە ئەرەب ۋە چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ھىزبۇتتەھرىر لىۋان، سۈدان، تۇنىس ۋە مىسىرغا ئوخشىغان بەزى ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا بىر قەدەر غەلىبە قىلىپ، بۇ دۆلەتلەردە ئاشكارە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر قايسى دۆلەت رەئىسلىرىنى، يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئىسلام خەلىپىلىكىنى، ئىسلام قانۇنلىرىنى دەسسىتىشكە چاقىرىق قىلغان دەپ ئەيىپلىنىپ، بەزى دۆلەتلەر ئۇنىڭ كېڭىيىشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىغان①.

ھىزبۇتتەھرىر 2012-يىلىدىن باشلاپ يەنە قايتىدىن جانلىنىپ، ھىندونېزىيە، مالايسىياغا ئوخشاش بەزى ئىسلام ئەللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئۆزبېكىستان ئارقىلىق كىرگەن بولۇپ، پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خىتاي ئىستىخباراتى ھىزبۇتتەھرىرنىڭ تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ تارقىلىشىغا ۋە ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىگە مەلۇم ۋاقىت كۆز يۇمغان. چۈنكى خىتاي ئىستىخباراتى ئوت يۈرەك ياشلارنى قولغا چۈشۈرۈشتە ھىزبۇتتەھرىرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يەمچۈك بولۇشقا يارايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن. نەتىجىدە نۇرغۇن ئۆلىمالار، زىيالىلار ۋە ئېتىقادلىق ياشلار بۇ يەمچۈك ئارقىلىق ئىلغاققا ئىلىنغان.

ھىزبۇتتەھرىر شەرقىي تۈركىستاندا ھەر ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئېتىبارلىق ۋە ئېتىقادلىق شەخسلەرنى ئەزا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئادەتتىكى ئادەملەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلمىغان. ئەجەپلىنەرلىكى، ئېھتىياتچانلىقتىن سىياسىي سۆھبەت ۋە سىياسىي پائالىيەتلەردىن قاچىدىغانلارمۇ ھىزبۇتتەھرىرگە ئەزا بولۇپ قېلىپ، 2012-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن.

3-شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى 1989-يىلى زەيدىن يۈسۈپ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان، ھەسەن مەخسۇم 1996-يىلىنىڭ

① مەنبە: ھۆر ئېنسىكلوپېدىيە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاخىردا ئافغانىستاندا قايتا يېڭىلىغان ياكى قايتا قۇرغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى باياناتلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئىشغالىيىتىدىن ئازات قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزۈلىدىغان مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى غايە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەسەن مەخسۇم ئافغانىستاندا شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلىپ چىققان بىر تۈركۈم ياشلارنى توپلاپ، ھەربىي مەشىقلەندۈرگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى بەزى مەشىق كۆرۈنۈشلىرىنى ۋىدىيولارغا ئېلىپ تارقاتقان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە جەتئەللەردىكى پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان خىتاي ئىستىخباراتى بۇ ۋىدىيولارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى يالغان تەشكىلات قۇرۇش ۋە ھىزبۇتتەھرىرنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنلىرىغا كەلمىگەن ئوت يۈرەك دىندار ياشلارنى ئىلغاققا چۈشۈرۈشنىڭ يەنە بىر ياخشى يەمچۈكى بىلىپ، بۇ ۋىدىيولارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تېخىمۇ كۆپ تارقىلىشىغا كۆز يۇمغان، ھەتتا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ۋىدىيولاردا قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايراقلىرى ئېسىلغان تانكىلارنى ھەيدەۋاتقان ۋە قوللىرىدا ھەرخىل قوراللارنى كۆتۈرۈۋالغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى ياشلار قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەن ۋە پۈتۈن ئۈمىدىنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىسىگە باغلىغان.

ئەپسۇسكى، دەسلەپتە بۇ ۋىدىيولارنى تارقاتقانلارنى ۋاقتلىق قويۇپ بەرگەن خىتاي دائىرىلىرى كېيىن ۋىدىيولارنى تارقاتقان ۋە كۆرگەنلەرنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى خەلقئارادا تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن تونۇلغان ئالقائىدە يەنى بازا تەشكىلاتىغا باغلاپ، ئۇنى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن دۇنياغا مۇراجىئەت قىلغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى باياناتلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلغان بەزى پارتلىتىش ۋە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

4 ـ ھىجرەت ئويۇنى.

ھىجرەت ئىماننى، دىنىنى قوغداش، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن ئايرىلىش دېمەكتۇر. ھىجرەت كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ماڭغان ئۇلۇغ يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلامدا ئورنى

ناھايىتى چوڭ، مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ھىجرەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەتلەر بار، ھەدىس شەرىپلەردىمۇ ھىجرەت توغرىسىدا كۆپ ھەدىسلەر ئۇچرايدۇ. ئۆلىمالار قايسىبىر مۇسۇلمان مەلۇم بىر يۇرتتا ئۆز دىنىي پائالىيىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا، ئازادە ئېلىپ بارالمايدىغان بولسا، باشقا ئەركىن ياشىيالايدىغان، دىنىي پائالىيىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا، ئازادە ئېلىپ بارالايدىغان جايغا ھىجرەت قىلىشى ۋاجىپ دەپ قارىغان. لېكىن ئۇلار ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن، ھىجرەتكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن نىيەتنى توغرىلاش، ھىجرەت ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەش، ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ يولدىكى ۋە شۇ ئورۇنغا يېتىپ باغاندىن كېيىنكى بىخەتەرلىكىنى نەزەرگە ئېلىش، بۇ ھىجرەتتىن كىمنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقىنىڭ ھېسابىنى كۆرۈش قاتارلىق بەزى شەرتلەرنىڭ بارلىقىنى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن يەكۈنلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى ساھابىلىرىنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان تۇپراقلارنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىن توسقان.

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ ئۆزىنىڭ تور سەھىپىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىلەر ئۆز دىيارلىرىدا تۇرۇپ قىلالايدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىمۇ، ھەتتا پەرزلەرنىمۇ ئادا قىلماي تۇرۇپ، ھىجرەت قىلىمەن دېيىۋالىدۇ ياكى دىنىي جەھەتتىن سىقىلىپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ قالسا، ھىجرەت قىلىمەن دەپ ئۆزىنى جەڭگىۋار مۇھاجىر مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلىپ قالىدۇ. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن يەنىلا قىلغۇلۇقىنى قىلىشىدۇ. دېمەك، ھازىر تۇرۇۋاتقان جايدا دىنىي جەھەتتىن سىقىلىپ ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولىدىغان دەرىجىگە يەتتىمۇ؟ ياكى ئەۋزەل دەرىجىدىمۇ؟ شۇنداق بولدى دېگەن تەقدىردە، قەيەرگە ھىجرەت قىلىش كېرەك؟ بۇ مۇھىم مەسىلە. ئوغرىدىن قېچىپ قاراقچىغا يولۇققاندەك ئىش بولسا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايدىغان گەپ...»

ھىجرەت ھەققىدە كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەرنى نازىل بولغان ۋە سۆزلەنگەن زامان ۋە ماكانلىرىنى ئېتىبارغا ئالماستىنلا ھەر ئادەم ئۆزى خالىغانچە تەپسىر قىلغاندا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز چوڭ خاتالىقلار ۋە چوڭ زىيانلار كېلىپ چىقاتتى. بۇنداق نازۇك مەسىلىلەردە مىللەت ئىچىدىكى ئىخلاسمەن يېتۇك ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش ۋە قىممەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە بىلەرمەنلەرنىڭ كۆپلىكىدىن خەلقىمىز قايمۇقتى ۋە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى تارتتى. ئاللاھ يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىنى بەرگەن بەزى ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئەينى ۋاقىتتا، ۋەتەننى تاشلاپ پاسپورتسىز ھىجرەت قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۇلارغا تەرەپ-تەرەپتىن تەھدىتلەرنى ياغدۇرغان ۋە «راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن پاسىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالغىلى بولمايدۇ»، «ھىجرەتتىن توسقان پاسىقلارنى دارغا ئېسىش كېرەك» دەپ جار سالغان نوچىلارنىڭ ئەمدىلىكتە ئۈنى ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە مەسئۇلىيەتتىن قورققانلىقتىن، ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ھىجرەتكە چاقىرىپ يازغان يازمىلىرىنى ۋە ۋىدىيولىرىنى ئۆچۈرۈپ ئۈلگىردى.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ پاسپورتسىز نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى بىلمەس بولۇۋېلىشى، ئادەم قاچاقچىلىرىنىڭ بەزى ئورۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادىرلىرىنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرى، مۇھاجىرلارنىڭ، توغرىسى ھىجرەت قىلدۇرۇلغانلارنىڭ ھىجرەت سەرگۈزەشتىلىرى قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى ھىجرەتنىڭ خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئوينىغان ئىستىخبارات ئويۇنى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى.

دېمەك، بۇ قېتىمقى ھىجرەت خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ ئىلگىرى بىر قېتىم قورغاس چېگرىسىنى ئېچىۋېتىش ئويۇنىدىن كېيىنكى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئوينىغان ئويۇنى بولۇپ، خىتاي ئىستىخباراتى بۇ ئويۇن ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە تەھدىت دەپ قارىغان ئوت يۈرەك ياشلاردىن ئۇزۇق-دۇرا چىقىم قىلماستىن قۇتۇلدى، خىتاي كۈچەمەنلىرىگە ئورۇن ھازىرلىدى، يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ھىجرەت قىلدۇرۇپ، نەچچە يىل نۇپۇس تىزگىنلەشتە يېتەلمىگەن نەتىجىگە يەتتى. ھىجرەت يېتەكچىلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ھىجرەت قىلغۇچىلارنى، توغرىسى ھىجرەت قىلدۇرۇلغانلارنى ئىستانبۇلدا ئۆلىمالار ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويماستىن، ئۇدۇل دائىشقا تۇتۇپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى خەلقئاراغا تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىشتە مەلۇم دەرىجىدە غەلىبە قىلغان بولدى.

5-دائىشنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى.

دائىش «تنظيم الدولة الاسلامية فى العراق والشام» يەنى «ئىراق، شام ئىسلام دۆلىتى تەشكىلاتى» دېگەن ئەرەبچە جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ،

ئەنگىلىزچە، **ISIS** تۈرۈكچە، **DAES**، **ISID** دەپ ئاتىلىدۇ. دائىش ئەسلىدە ئىراقتىكى ئەلقائىدە يەنى بازا تەشكىلاتىدىن ئايرىلىپ چىققان، 2003 - يىلىدىن باشلاپ ئىراقتا ھەر خىل ئىسىملار ئاستىدا قوراللىق ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن جامائەت بولۇپ، 2013 - يىلى 8 - ئاپرېل، «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇلغانلىقىنى، ئەبۇ بەكرى بەغدادىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمىر بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلغان. دائىش 2014 - يىلى 29 - ئىيۇندا، خەلىپىلىك قۇرۇلغانلىقىنى، «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» دېگەن ئىسمىنىڭ «ئىسلام دۆلىتى» دېگەن ئىسىمغا قىسقارتىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى باغدادىنى «ئەمىرۇلمۇئمىنىن» ياكى «خەلىپە» دەپ ئاتاش لازىملىقىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئەبۇ بەكرى بەغدادىغا بەيئەت قىلىشقا چاقىرغان. لېكىن دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇنى رەت قىلغان. دائىش ئەزالىرى ئۆزلىرىنى سەلەپ مۇجاھىدلىرىنىڭ پىكرىگە ئەگەشكەن، ئىسلام خىلاپىتىنى ۋە شەرىئەتنى تەتبىقلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى غايە قىلغان جامائەت دەپ تونۇشتۇرىدۇ. دائىشنىڭ ئەزالىرى ئىراق، سۇرىيە، جەنۇبى يەمەن، لىۋىيە، شىمالى شەرق نىجىرىيە، پاكىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان.

بەزى مەنبەلەر دائىش ئەزالىرى سانىنىڭ 30000 ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما سۇرىيە ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش ئورگىنى 2014 - يىلى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ 50000 دىن ئاشىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا دائىشنىڭ كاللا كېسىش، تۆمۈر قەپەسكە سولاپ ئوتتا كۆيدۈرۈشكە ئوخشىغان ۋەھشىي ۋىدىئولىرى كەڭ تارقالغان ۋە خەلق ئىچىدە دائىشنىڭ «ئازغۇن پىرقىلەر»، «كاللا كېسەر جاللاتلار»، «رەھىمسىز رادىكاللار»، «تەكپىرچىلەر»، «خاۋارىجلار» دېگەندەك ھەرخىل يامان ناملىرى چىقىشقا باشلىغان.

ب د ت دائىشنى ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ۋە ئۇرۇش جىنايىتى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى دائىشنى ئىراقنىڭ شىمالىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەن.

بەزى تەھلىلچىلەر دائىشنى ئامېرىكا ئىستىخباراتى **CIA** نىڭ ئويۇنى دېسە، يەنە بەزىلەر يالغۇز

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا ئىستىخباراتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىكى بىر قانچە دۆلەت ئىستىخباراتلىرىنىڭ ئويۇنى دەپ قارىغان. چۈنكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر يۇقىرىلىرى ئارىسىدىكى بەزى ياشلارنى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قاراپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى «بارسا كەلمەس يول» دائىشقا قېتىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندا، دۆلەتكە تەھدىت بولغان ئاشقۇن كۈچلەردىن بىراقلا قۇتۇلغىلى ۋە شۇ دۆلەتتىكى ئىسلامىي جامائەتلەرنى خەلقئارالىق تېررورلۇققا باغلاپ يوقاتقىلى بولاتتى. مانا بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ختاي ئىستىخباراتىمۇ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى بۇ «بارسا كەلمەس» يولغا قىزىقتۇرۇش ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىش ئويۇنىنى باشلىغان. بۇ ئويۇن نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئەركىن دۇنياغا بولغان تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن، ئافغانىستان، ئىراق ياكى سۈرىيەگە بېرىپ جىھاد قىلىپ جەننەتكە كىرىش ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۇلارنى تېزرەك تۈتۈش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا قىزىقتۇرغان. نەتىجىدە، نەچچە مىڭلىغان ياشلار بۇ ئويۇننىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن.

ختاي ئىستىخباراتى دائىشنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنىدا باشقا دۆلەت ئىستىخباراتلىرىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشكەن. بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننى تاشلاپ «بارسا كەلمەس يول»غا كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ختاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەپ ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنياغا رادىكال ۋە تېررورچى خەلق قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقنى پۈتۈنلەي يۇقىتىش ھەرىكىتىنى تېزلەتمەكتە. يېقىندا 2000 ئەتراپىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئايال ۋە كىچىك بالىلارنىڭ كۈردلارغا ئەسىرگە چۈشۈش مەسىلىسىدىمۇ، ختاي ئىستىخباراتى ئاجايىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان. ئۇلارنى قۇتقۇزۇش يولىنى (مېدىيالاردا ئېلان قىلىپ تۇرۇپ) ماڭمىغانلارنى ختاي ئىستىخباراتى رەھىمسىز ۋە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان يارىماس قىلىپ كۆرسىتىشكە، يولىنى ماڭغانلارنى بولسا، تېررورچىلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىق قالپىقىنى كەيدۈرۈپ، خەلقئارا تېررورچىلار قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە ئورۇنغان. بەزىلەر بىلىپ-بىلمەي ختاي ئىستىخباراتىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ، بۇ مەسىلىدىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆلىمالارغا ۋە بەزى تەشكىلاتلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى

ئېتىبارسىزلاندۇرۇشقا ئورۇنغان. ۋاھالەنكى ئۆلىمالار ۋە بەزى تەشكىلاتلار دەسلاپتىلا خەلقنى بۇ «بارسا كەلمەس يول»نىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەر تەرەپتىن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەنىدى.

6 ـ ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى.

## ئىخلاسمەن ئۆلىمالار كىملەر؟

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى يۇختا بىلىدىغان، بىلگەنلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە، تاقىتى يەتكۈچە ئەمەل قىلىدىغان، داۋاملىق ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلاردۇر.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئاللاھ تائالا ئىلىمدە ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلاردا خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى قىلغانلاردۇر[①].

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمىي مىراسلىرى بىلەن يۇختا يېتىشكەنلەر بولۇپ، خەلقنى داۋاملىق ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئازابلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغانلاردۇر.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، قىيامەتكە قەدەر ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، خەلقنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھىدايەت نۇرىغا چىقىرىدىغان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغانلاردۇر.

## ئىخلاسمەن ئۆلىمالار قانداق تونۇلىدۇ؟

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئىلىملىرى بىلەن تونۇلىدۇ، ئىلىم ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار خەلققە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىراس ئالغان بىلىملىرى بىلەن خىتاب قىلىدۇ. ئۇلار پىتنە ـ پاسات زامانلىرىدىمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن تونۇلىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاسمەن يېتۈك ئۆلىمالارغا شەك ـ شۈبھىلەر ۋە پىتنە ـ پاساتلار دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يۈزلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىلىمدە يېتىشكەنلەر بولۇپ، شەك ـ شۈبھە ۋە پىتنە ـ پاسات ئىغۋاگەرچىلىكلىرى ئۇلارنى تەۋرىتەلمەيدۇ[②]»

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ياخشى كىشىلەرنىڭ، يېتۈك ئالىملارنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تونۇلىدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار دەۋىتى، تىرىشچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن تونۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

① تفسير الطبري (327/3).

② مفتاح دار السعادة (140/1).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى

«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[1]»

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بىلەن قۇلاق موللىلىرى، مەدداھلار، ۋائىزلار ۋە ناتىقلارنىڭ پەرقىنى ئايرىش ناھايىتى زۆرۈر. ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بەزىدە ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان ياكى ئاز سۆزلەيدىغان، ئەمما خەلق ئىچىدە ئۆلىمالاردىن تىلى راۋان، سۆزلەش ماھارىتى يۇقىرى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. قۇلاق موللىلىرى، مەدداھلار، ۋائىزلار ۋە ناتىقلار بەزى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يادلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تېگىدىن ئىلمىي ئاساسى بولمىغانلىقتىن مەسىلىلەرنى شەرىئەت پىرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما ئىخلاسمەن ئۆلىمالار شەرىئەت ئىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ يېتىشكەنلەر بولۇپ، ئايەت - ھەدىسلەرنى، ۋەقەلىكلەرنى، شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى توغرا چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان پېشۋالاردۇر[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەر ھازىر ئۆلىمالىرى كۆپ، ناتىقلىرى ئاز بىر زاماندا ياشاۋاتىسىلەر. ئەمما سىلەردىن كېيىن ناتىقلىرى كۆپ، ئۆلىمالىرى ئاز زامانلار كېلىدۇ[3]»

شۇنىڭدەك، ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەرقىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. زىيالىي ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ مىللەتكە يەتكۈزگەن پايدىلىرى كۆپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا يېتۈك ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرئىي ئىشلىرىدا ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشى زۆرۈر بولىدۇ[4].

ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش ۋە قىممەت بېرىش مىللەتنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىنىڭ كاپالىتى بولغىنىدەك، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، سۆزلىرىگە قىممەت بەرمەسلىك ۋە يامان كۆرۈش شۇ مىللەتنىڭ بەختسىزلىكىگە ۋە ھالاكىتىگە يېتەرلىكتۇر.

ھەدىس شەرىپلەردە ئۆلىمالارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ئىرادە قىلغان، پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ

---

① سۈرە فاتىر 28 - ئايەت.
② قواعد في التعامل مع العلماء، ص33.
③ البخاري، كتاب الأدب المفرد، ص346
④ جامع بلان العلم لابان عبو البر (96/2)

مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇگۈنكىدەك پىتنە - پاسات يامراپ كەتكەن، ھەممە ئادەم بىلەرمەنلىكنى دەۋا قىلىشۋاتقان دەۋردە ھەقىقىي ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا پىتنىخورلارغا ئەمەس، ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش، قىممەت بېرىش تېخىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. ئەمما ملىڭ ئەپسۇسكى، مىللەتنى بىر پۈتۈن كاردىن چىقىرىشنىڭ ۋە مىللەتنى تىز يوقىتىشنىڭ ئېپىنى ياخشى بىلگەن خىتاي ئىستىخباراتى ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، مەلۇم دەرىجىدە مەقسىتىگە يەتكەن بولدى.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار پۈتۈن مىللەتنىڭ جېنى ۋە مېڭىسى بولغان ئوينىششىنى راۋا كۆرمەيدۇ، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللىرىنىڭ كۆلگە ئايلىنىشىنى، شۇنىڭدەك خىتاي ئىستىخباراتىنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈپ قويۇشىنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا شەرت - شارائىتنى ئېتىبارغا ئالىدۇ ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئىخلاسمەن ئۆلىمالار خاتالاشمايدىغان پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن خاتالىقلىرىنىڭ بولۇشى، ئەمما ئۇلار ھەدىس قۇدسىيدا: «ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېيىلگەندەك، خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار كېچە - كۈندۈز مىللەتنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك غەمىنى يەيدۇ، مىللەتنى جاھالەت زۇلمەتلىرىدىن ئىلىم - مەرىپەت ۋە ھىدايەت نۇرىغا چىقىرىش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئاما بۇنىڭغا چىدىمىغان خىتاي دائىرىلىرى بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان بەزى نادان ئەخمەقلارنى ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا قارشى كۈشكۈرتۈۋاتىدۇ. بەزى چىدىماس ھەسەتخورلار بىلىپ - بىلمەي خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىخلاسمەن يېتۈك ئۆلىمالار دەۋانى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ۋە رولىنى تونۇش ۋە ئۇلارغا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى بېرىش زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن ئىدى.

7 - تەشكىلاتلارنى

ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى.

تەشكىلات مىللەتنى مۇستەملىكىچىلىكتىن، خار-زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان قالقان بولۇپ، ئۇ ئىخلاسمەن رەھبەرلىك قاتلىمى بىلەن كۈچىيىدۇ. ئىخلاسمەن رەھبەرلەر ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشمىغان ۋە ياخشى تەشكىللەنمىگەن مىللەت مۇستەملىكىچىلەرگە مەڭگۈ قۇل بولۇپ ياشايدۇ.

مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تەشكىلاتچىلىقتۇر ۋە مۇستەملىكچىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر جىنايەت تەشكىلات قۇرۇش جىنايىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختا مۇستەملىكچىلەر ھەرقانداق جىنايەتچىلەرنى كۆچۈرسىمۇ، تەشكىلاتچىلارنى كەچۈرگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەشكىلات قۇرغۇچىلارنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر.

ئىخلاسمەن رەھبەرلىك قاتلىمى يېتەكچىلىك قىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ بولماسلىقى مىللەتكە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلات مىللەتنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇ ساغلام بولسا، مىللەت دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىققا، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئىخلاسمەن رەھبەرلىك قاتلىمى يېتەكچىلىك قىلىدىغان تەشكىلاتتىن مەھرۇم مىللەت جانسىز تەنگە ئوخشاش بولۇپ، زۇلۇم ۋە خار-زەبۇنلۇق ئىسكەنجىسىدىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدۇ. مىللەتنى ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان مۇھىم كۈچ تەشكىلات كۈچىدۇر. شۇڭلاشقا ئىشغالىيەتچىلەر تارىختىن بېرى تەشكىلات قۇرغانلارغا ئەڭ ئېغىر جازا بېرىپ كەلگەن.

تەشكىلاتلارنى ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىيالىغان ۋە ھىمايە قىلالىغان مىللەت چوقۇم ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، چوقۇم دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ياخشى چۈشەنگەن خىتاي ئىستىخباراتى يىللاردىن بېرى مىللەتكە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەشكىلاتلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى ئوينىماقتا. ئۇزۇن مەزگىل ئىشغالىيەت ئاستىدا ياشىغان مىللەتنىڭ پسىخكىسى بۇزۇلسا كېرەك، بۇنداق مىللەت 30 يىل ئىلىم ئوقۇغان ئۆلىمادىن 5-10 ئايەت، ھەدىس يادلىۋېلىپ، 30 مىنۇت گەپ ساتقان مەدداھنى ئەۋزەل كۆرىدىغان، 20 يىل مىللەتكە خىزمەت قىلغان تەشكىلاتچىدىن 20 مىنۇت ۋاقىراپ شۇئار توۋلىغان پائالىيەتچىنى چوڭ بىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن، بۇنداق مىللەتنى ئىشغالىيەتچىلەر ئاسانلا ئالداپ كېتىدىكەن. كېيىنكى يىللاردا مىللەتكە پايلىدىق يېڭىلىقلارنى ياراتقان بەزى پائالىيەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللەتنى بىرمەزگىل ئۈمىتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ يەككە پائالىيەتچىلەر ئىش باشلاپ ئىككىنچى ھەپتىسىگە بارا - بارمايلا، ئۆزىنىڭ قۇدرىتى دائىرىسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مىللەتكە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەشكىلاتلارنى ئۇچۇق - ئاشكارە ياكى گەپ ئەگىتىش ئارقىلىق قارىلاشقا، ھەرخىل ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇشقا باشلاپ ياكى شۇنىڭغا سەۋەب بولۇپ، خەلقىمىزنى بەكلا ئۈمىتسىزلەندۈرمەكتە. پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ غالچىلىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بىر قىسىم تەشكىلاتلارنى خەلققە يامان كۆرسىتىش ۋە خەلق ئالدىدا ئېتىبارسىزلاندۇرۇش ئويۇنلىرىنى ئويناپ، خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرماقتا. بەزى ساددا كىشىلەر بىلىپ - بىلمەستىن خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، خەلققە ئۇلارنى يامان كۆرسىتىشكە ئورۇنماقتا.

8 - كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى.

مىللەت ئىختىلاپلىشىش، بۆلۈنىش بىلەن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە دۈشمەنلىرى ئالدىدىكى ھەيۋىتى كېتىپ قالىدۇ. مىللەت ئىناق - ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق بىلەن كۈچلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ[1]». بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى تەقدىم قىلغان. ئەجدادلىرىمىز بىزگە ھېكمەتلىك دەرسلەرنى مىراس قالدۇرغان. ھېكمەتلەر توپلىمىدا، بىر بوۋاينىڭ ئۆز ئوغۇللىرىنى يىغىپ، ھەربىرىگە بىر تالدىن شىۋىقنى بېرىپ، ھەركىشى ئۆزىنىڭ قولىدىكى شىۋىقنى سۇندۇرۇپ باقسۇن دېگەندە، ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىدىكى تال شىۋىقلارنى ئاسانلا سۇندۇرۇپ تاشلىغانلىقى، ئاندىن بىرقانچە شىۋىقنى بىرلەشتۇرۇپ، ئەمدى بۇنى سۇندۇرۇپ بېقىڭلار دېگەندە، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۈچەپمۇ، بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ شىۋىقلارنى سۇندۇرالمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىغا: ئى ئوغۇللىرىم! ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنىشلەردىن ساقلىنىپ، ئىناق - ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ياشىساڭلار سىلەرنى ھېچكىم سۇندۇرالمايدۇ.

[1] سۈرە ئەنفال 46 - ئايەت.

بىلىملىرىگە، ئىش ئۇسلۇبلىرىغا، كۈچ بىرلىكىگە، دەپ نەسىھەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشلەردىن ساقلىنىش، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقتا، بىرلىك ۋە ھەمكارلىقتا ئەھمىيەت بەرگەن ئەجدادلار تارىختا ئىززەت ۋە شەرەپ بىلەن ياشىغان. ئەپسۇسكى، ئۇزۇندىن بېرى شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا كۆز تىكىپ كەلگەن خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە ھەمكارلىقنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللار دەۋر سۈرگەن مۇستەقىل دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. شۇنىڭدىن بېرى، خىتاي دائىرىلىرى ئىستىخباراتىنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. خىتاي ئىستىخباراتى بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ غالچىلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇشقا، ھەتتا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەس قىلىۋېتىشكە ئورۇنۇپ كېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلىمالار بىلەن زىيالىلار، ھەتتا بىر ئۆلىما بىلەن يەنە بىر ئۆلىما، بىر زىيالى بىلەن يەنە بىر زىيالى ئارىسىدىمۇ كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، خەلقنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىمۇ كېسىشكە ئورۇنماقتا. ھەممىدىن يامان بولغىنى شۇكى، خىتاي ئىستىخباراتى تەشكىلاتلار ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، خەلقنى ھېچقانداق تەشكىلاتقا ئىشەنمەس ھالەتكە كەلتۈرمەكتە. خىتاي ئىستىخباراتى بۇنىڭدىن دەل 21 يىل ئىلگىرى بەزى تەشكىلاتلار ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، ھېچقانداق بىر تەشكىلاتنى مىللەتكە پايدىلىق ئىش قىلدۇرمىغانلىقى سىرتىدا، ھەر تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدىمۇ ئېغىر زىددىيەت ۋە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قوراللىق ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، نەچچە ئونلىغان ئوت يۈرەك ئاۋانگارتلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىدىن ۋەيران قىلغان بولسا، بۈگۈنمۇ قوراللىق ھەرىكەت قىلىدىغان تەشكىلاتلار بولسۇن ياكى سىياسىي پائالىيەت قىلىدىغان تاشكىلاتلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا ۋە مىللەتكە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

ـ داۋامى كېلەركى ساندا ...

# كامىل مۇسۇلمان بولۇش

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بىز مۇسۇلمانلار ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلامىي جەمئىيەتتە مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىمىز ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ نېمىتى. ئەكسىچە بولغاندا بەلكى كۆپلىرىمىز ئىسلامنى تونىماي، كاپىرلار قاتارىدىن بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ نېمەت بىزگە ئىماننىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بىھاجەت قىلىپ قويىدى. خۇددى كىشى ئۆز ئانا تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىلىرىنى بىلمىگەندەك، مۇسۇلمانلارمۇ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىنىڭ نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، مۇسۇلماننىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «مەن مۇسۇلمان، مەن مۇئمىن» دەپ دەۋا قىلىپ قويۇپ، نەپسى خاھىشى بويىچە ياشايدىغان ئەھۋال مۇسۇلمانلار ئاممىسىدا ئومۇملىشىپ كەتتى.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، كۆرىمىزكى: بەزىلەر يىلدا ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇپ قويغانلىقنى مۇسۇلمانلىق ھېساپلايدۇ. بەزىلەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۇپايە قىلىدۇ. بەزىلەر كۈندە بىر ۋاقىت ناماز ئوقۇيدۇ. بەزىلەر يىلدا بىر ئاي رامىزاندا مۇسۇلمان بولىدۇ. بەزىلەر كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇسىمۇ تۇرمۇشىدا ئىسلام ئەخلاقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەك دىندار كۆرستىدىغان ياكى دىندار ياشاشنى خالايدىغانلارمۇ، دىنىي رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆگەتكىنىدەك ئەمەس، ئۆز خاھىشى ۋە خاراكتېرى بويىچە ياشايدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىلدە شەرھلەيدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ-ئادەتلەر مەيدانغا كەلگەن. ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ماڭىمەن دەيدۇ، لېكىن بىرىنىڭ تۇتقان يولى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوخشىماسلىقلار بەزىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە بۆلۈنۈشلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا كامىل مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن دىنى نەقلىي ۋە ئەقلىي دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ توغرا چۈشىنىش ۋە ھاياتقا تەتبىقلاش لازىم.

## ئىماننى توغرا چۈشىنىش:

ئىسلامنى بىر مەملىكەتكە ئوخشاتساق، ئۇ مەملىكەتنىڭ دەرۋازىزىسى ئىماندۇر. ئىمان ئىسلام مەملىكىتىگە كىرىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن شەرتلەرنى ياخشى بىلىپ قوبۇل قىلىشتۇر. ئۇنداق بولسا، ئىشنى ئىماننى بىلىش بىلەن باشلاش كېرەك. كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىماننى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىپ قويسا بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ پۇتكۇل ئەقىدە كىتابلىرىمىزدا ئىماننى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، ھېچقانداق شېرىكىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىش دەپ ئۆگىتىپ كەلمەكتە. ئەگەر ئىمان مۇشۇنداق ئاسان بىر ئىش بولىدىغان بولسا ئىدى، مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ قۇتۇلاتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشۇپ ئولتۇرمايتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، دەڭلار، قۇتۇلۇڭلار»[1] دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. يەنە «مەن كىشىلەر ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگۈچىلىك ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم؛ كىمكى ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېسە، جېنىنى ۋە مېلىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ»[2] دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. لېكىن مۇشرىكلار بۇ سۆزنى دېمەسلىك ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئۇرۇشۇپ ئۆلەپ تۈگىدى. چۈنكى ئۇلار:

«لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلىك ئەبۇ جەھىل ھاكىمىيىتىنى يىقىپ تاشلاپ، ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى،

«لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلىك جاھىلىيەت تۈزۈمىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش بولىدىغانلىقىنى،

«لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلىك نەپسىنىڭ خالىغىنى بويىچە ياشاشنى

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

تاشلاپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشقا ئەھدە قىلغانلىق بولىدىغانلىقنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپ قۇتۇلۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى تاللىغان ۋە بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرغان ئىدى. ئۇنداق بولسا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ۋە بۇ سۆزنى ئېيتقانلىق نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟

«لائىلاھە ئىللەللاھ» نى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دەپ تەرجىمە قىلىمىز. يەنى «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلىك، مەن بىرلا ئىلاھنى ئىگەم دەپ تونۇيمەن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرىمەن، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ يەردىكى «ئىلاھ» سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىلاھ ـ لۇغەتتە، ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى يەرگە قويۇپ چوقۇنۇلىدىغان، يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىنىدىغان، «مەبۇد» دېگەن بولىدۇ.

ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىلاھ ـ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىناتتىكى ئەڭ ئۈستۈن قۇدرەتلىك، ھاياتلىق ئۈچۈن قانۇنلارنى بېكىتكۈچى، ھەق ـ ھوقۇقلارنى بەلگىلىگۈچى ۋە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى دېگەن بولىدۇ.

بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىنى يىغىنچاقلاپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلىك ـ مەن بويۇن ئەگىپ قۇلچىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى تاللىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسىگە چوقۇنمايمەن، مېنىڭ يېگانە ئىگەم ۋە خوجايىنىم بىرلا ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلايمەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلمايمەن، دېگەنلىك. بولىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» كېلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ قوبۇل قىلىمەن؛ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىمەن. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭىمەن، دېگەن بولىدۇ.

«لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ قوبۇل قىلغان ۋە تىلى بىلەن ئېيتقان كىشى، ئىسلام مەملىكىتىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، «مۇئمىن ـ مۇسۇلمان» دېگەن ئۇلۇغ شەرەپكە ئېرىشكەن بولىدۇ. يەنى ئىسلام مەملىكىتىنىڭ بىر پۇقراسى بولغان بولىدۇ. ئىسلام مەملىكىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ئىكەن، بۇ مەملىكەتنىڭ پۇقراسىنى «مۆكەللەپ» يەنى بۇ مەملىكەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلغان كىشى بولىدۇ. يەنى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەپسى خالىغان بويىچە، مەسئۇلىيەتسىز ۋە پەرۋاسىز ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىمان ئېيتىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت بارلىق ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئىسلامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە ياشىغان كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپاتلايدۇ. بىر تەرەپتىن مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلسا، يەنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرمىسە، توسقان ئىشلىرىنى تەرك ئەتمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ}

«ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن كىمكى مۇئمىن بولۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»① {وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى} «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن (يەنى مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتمايدىكەن)، ئۇنىڭ ھاياتى تار بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز.»②

دېمەك، ساغلام دىندارلىق ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ھاياتىنى ئۆزى خالىغان بويىچە ياشاش بىلەن ئەمەس، ئاللاھنى رەببىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبىرىم ۋە ئىسلامنى دىنىم دەپ قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە بىلدۈرگەنلىرىگە ئەمەل قىلىشى، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە مېڭىشى بىلەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىفلەر بىزگە ساغلام دىندارلىقنىڭ سۈپەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ساغلام دىندارلىق قانداق بولىدۇ؟ ساغلام دىندارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمە؟ دېگەن سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز.

## كامىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى:

كامىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

### ئاللاھ تائالانى تونۇش:

ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنگەن مۇئمىن، ئاللاھ تائالانى قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىفلەردە بايان قىلىنغان

① سۈرە نەھل: 97 ـ ئايەت.

② سۈرە تاھا: 124 ـ ئايەت.

گۈزەل ئىسىم ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشى لازىم. ئاللاھ تائالانى تونۇغانسېرى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ ۋە ئاخىردا ئاللاھ تائالانى ئاتا-ئانا، بالا-چاقا ۋە ئۆز جېنىدىنمۇ بەكراق سۆيىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن ھايا قىلىش ۋە ئاللاھنى نارازى قىلىشتىن قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۇيغۇنى «تەقۋا» دەپ ئاتايمىز. تەقۋادار مۇئمىن ھەر كۈنى بەش ۋاقىت نامازنى چىن ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىدۇ ۋە ئۆزرىسىز قەتئىي كېچىكتۈرمەيدۇ. پەرزنىلا ئەمەس سۈننەت ۋە نەپلە ئىبادەتلەرگىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلغانلىق ئاللاھ تائالانى ھەققىي سۆيگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. كىشى ئاللاھنى قانچىكى سۆيسە ۋە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشقا تىرىشسا، ئاللاھ تالامۇ ئۇنى سۆيىدۇ ۋە كۆرىدىغان كۆزى، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىششقا داۋام قىلىۋەرسە، مەن ئۇنى سۆيىمەن. مەن ئۇنى سۆيسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن بىر نەرسە سورىسا ئۇنى بېرىمەن، مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن پاناھلىق تىلىسە، ئۇنى ھىمايە قىلىمەن».[1]

## ئېھسان:

ئاللاھ تائالانى ياخشى تونىغان ۋە ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن مۇئمىن ئۇنىڭغا چىن ئىخلاس بىلەن خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ. بۇنى «ئېھسان» دەيمىز. ئېھساننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئېھسان – ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»[2] يەنى ئېھسان ئىبادەت ۋە باشقا بارلىق ئىشلارنى چىن كۆڭلىدىن قېتىرقىنىپ ياخشى، ساغلام ۋە پۇختا قىلىشتۇر. ئاللاھقا ئۆزىنى تاپشۇرۇش، ئۇنىڭدىن كەلگەن ھەر ھالەتكە رازى بولۇش ۋە بويرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتۇر.

## شۈكۈر:

شۈكۈر قىلىش – نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمىتىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش، بېرىلگەن نېمەتنى قەدىرلەش، نېمەتنى نېمەت بەرگۈچى رازى بولىدىغان يەرگە ئىشلىتىش،

[1] ئىمام بۇخارى، ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

ئىسراپ قىلىپ زايە قىلىۋەتمەسلىك، نېمەت بەرگۈچىگە تۇزكورلۇق قىلماسلىقتۇر.

نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇ نېمەتنىڭ داۋاملىق كۆپىيىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. تۇزكورلۇق قىلىش نېمەتتىن مەھرۇم بولۇشقا ۋە جازالىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا: {لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ} «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، مەن سىلەرگە چوقۇم نېمىتىمنى كۆپەيتىپ بېرىمەن؛ ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار مېنىڭ ئازابىم بەك قاتتىقتۇر» دەيدۇ.[1]

شۈكۈر تىل بىلەن، دىل بىلەن ۋە بەدەن بىلەن بولىدۇ:

تىل بىلەن شۈكۈر قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتۇر.

دىل بىلەن شۈكۈر قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى چىن قەلبىدىن ھېس قىلىپ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانى مۇھەببەت بىلەن ياد ئېيتىشتۇر.

بەدەن بىلەن شۈكۈر قىلىش، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ بەدەن ۋە ئەزالىرىنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش، دىنى ئۈچۈن، ۋەتىنى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىدا ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە ئەڭ گۈزەل نەمۇنە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاللاھ تائالانى سۆيۈشنىڭ ئالامىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ} «(ئى پەيغەمبىرىم!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر ئاللاھنى سۆيسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى سۆيىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.›»[2]

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئېلىپ ئىجرا قىلىشنى ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشنى ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: {وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ} «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، سىلەرنى توسقان نەرسىدىن يېنىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئازابى قاتتىق زاتتۇر.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش بىۋاسىتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. {مَن يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ

[1] سۈرە ئىبراھىم: 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران: 31 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەشر: 7 ـ ئايەت.

ۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا} «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى سەندىن يۈز ئۆرىسە، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلگە قىلىپ ئىتائەت قىلماي تۇرۇپ كامىل مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرسىز بىر دىن ۋە رەھبەرسىز بىر دىندارلىق بولمايدۇ.

## كامىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىنسانلار بىلەن ئالاقىسى:

### ئىشەنچلىك بولۇش:

مۇئمىن دېگەن سۆز ئىشەنگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئىشەنچلىك كىشى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كامىل مۇسۇلمان مۇئمىننىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىدە بىرىنچى ئالاھىدىلىكى ئىشەنچلىك بولۇش ۋە ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمەسلىكتۇر. بۇنداق مۇئمىنگە ئىنسانلار ئىشەنچ قىلىپ مال-مۈلكىنى ۋە ئائىلىسىنى ئامانەت قويالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ـ باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر.»[2] يەنى كامىل مۇسۇلمان مۇئمىن ئىشەنچلىك بولۇپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، نە قولى، نە تىلى بىلەن ھېچقانداق كىشىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.

### ئادالەت ۋە ئېھسان:

مۇئمىننىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى ئادىل بولۇش ۋە ئېھساندۇر.

ئادىل بولۇش ـ ھەق ۋە ھوقۇققا رىئايە قىلىش، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىش، ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كېمەيتمەسلىك، ئۆزرىسىز كېچىكتۈرمەسلىكتۇر.

ئېھسان بولسا، تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىش، ئىشنى ناھايىتى ياخشى ۋە پۇختا قىلىش، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشتۇر. بۇ ئىككى سۈپەت كامىل مۇسۇلمان مۇئمىننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَىٰ وَيَنْهَىٰ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ} «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا،

---

[1] سۈرە نىسا: 80 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى (10) مۇسلىم (40).

www.uyghurkitap.com

(جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.»[1]

## ياخشى مۇئامىلە:

ھەقىقىي مۇئمىن ئىنسانلارغا سىلىق، مۇلايىم ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىپ دەرھال رەت قايتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇ كەچۈرۈمچان، كەڭ قورساق بولۇپ، تىلى ئاچچىق، كۆڭلى قاتتىق، قوپال ۋە ئۇرۇشقاق ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ھوزۇرلۇق ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قىزىقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ} «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ؛ ئاللاھ بىر بەندىسىنى باشقىلارنى كەچۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئەزىز قىلىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلغان بەندىنى ئاللاھ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.»[3] «باتۇر چېلىشىشتا باشقىسىنى يەڭگەن ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىدۇر.»[4]

## ئەھدىگە ۋاپا قىلىش:

ھەقىقىي مۇئمىن بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىدۇ. ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ـ بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇش، تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگە ئەمەل قىلىشتۇر. مۇئمىن ھەم ئاللاھ تائالاغا بەرگەن، ھەم ئىنسانلارغا بەرگەن ئەھدىگە ئەمەل قىلىدۇ، ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇش ئىنساننى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر. جەمئىيەتتە ئىشەنچنىڭ ئومۇملىشىشى، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشىنىپ ھەر تۈرلۈك ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىشى، قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش ئىشلىرى، مەسئۇلىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالغا بېسىشى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىگە ۋاپا

[1] سۈرە نەھل: 90 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئالى ئىمران: 134 ـ ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىش ۋە ۋەدىسىدە تۇرۇش تۇيغۇسىنىڭ يەرلىشىشى ۋە ئومۇملىششى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ} «ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»[1] {إِنَّ الَّذِينَ يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ اللَّهَ يَدُ اللَّهِ فَوْقَ أَيْدِيهِمْ فَمَنْ نَكَثَ فَإِنَّمَا يَنْكُثُ عَلَى نَفْسِهِ وَمَنْ أَوْفَى بِمَا عَاهَدَ عَلَيْهُ اللَّهَ فَسَيُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا} «شۈبھىسىزكى، (ئى پەيغەمبەر! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا بەيئەت قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.»[2] بۇ ئايەتنى كەرىمەلەردىن ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ ھاراملىقى چىقىدۇ. ئەخلاقلار ناچارلاشقان، نەپس ۋە شەخسىي مەنپەئەتلەر ئالدىنقى پىلانغا چىققان بۇ زاماندا كىشىلەر ۋەدە قىلىشنىڭ ۋە ۋەدىسىدە تۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە مۇئمىننىڭ مۇھىم سۈپىتى بولغانلىقىنى، ئەھدىنى بۇزۇشنىڭ ھارام ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىشى ۋە بۇنىڭغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىدە تۇرماسلىقنىڭ مۇناپىقلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «تۆت ئىش بار، ئۇ كىمدە تېپىلسا، ئۇ خالىس مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە بۇ ئىشلاردىن بىرى تېپىلسا، ئۇنى تەرك ئەتمىگۈچىلىك ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدىن بىر ئالامەت بار بولغان بولىدۇ. مۇناپىق: بىر نەرسە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ؛ سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ؛ ۋەدە بەرسە، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ؛ بىراۋ بىلەن تالىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزىدۇ.»[3]

## رەھىمدىللىك:

ھەقىقىي مۇئمىن كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، كىشىلەرگە ئىچى ئاغرىيدىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە مەرھەمەتلىك بولۇشىنى، بىر-بىرىگە ئىچ ئاغرىتىشنى ۋە بىر-بىرىنى رەھىمدىللىك بولۇشقا ئۈندەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. {الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ، أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ} «ئىمان ئېيتقانلار، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلار، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردۇر. ئەنە شۇلار سائادەتمەن كىشىلەردۇر.»[4] ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلار، سۆزىدىن ئاۋۋال ئۆزلىرى

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن: 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فەتىھ: 10 ـ ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] سۈرە بەلەد: سۈر بەلەد: 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مەرھەمەت قىلغانلاردۇر.

ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام بىزگە پەقەت ئىنسانلارغىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل جانلىقلارغا رەھىمدىل بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر قۇچقاشنى ناھەق ئۆلتۈرگەن كىشىدىن ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھېساپ ئالىدۇ»① دەيدۇ. يەنە: «ئۇچارلىقلارنىڭ ئۇۋىلىرىنى بۇزىۋەتمەڭلار، تۇخۇمنى ۋە باللىرىنى ئالماڭلار»② دېگەن. بىز بىر مۈشۈكنى يېمەك بەرمەي باغلاپ قويۇپ ئۆلۈمگە سەۋەب بولغان بىر ئايالنىڭ دوزاخقا كىرگەنلىكىنى ۋە بىر زىناخور ئايالنىڭ ئۇسساپ كەتكەن بىر ئىتنى سۇغارغانلىقنى ئۇچۇن گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەت ئەھلى بولغانلىقنى خەۋەر بەرگەن بىر دىنىنىڭ مەنسۇپلىرىمىز.

ھەقىقي مۇئمىن كىشى بىر-بىرىنى رەنجىتىدىغان، كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان غەيۋەت، يامان گۇمان قىلىش، گەپ توشۇش، تۆھمەت چاپلاش، قارىلاش ۋە مەسخىرە قىلىپ زاڭلىق ئېتىشكە ئوخشاش ئىللەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ. غەيۋەت قىلمايدۇ؛ كىشىلەرنى ئورۇنسىز يامان گۇمان قىلمايدۇ؛ ئىنسانلار ئارىسىدا گەپ توشۇپ بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلمايدۇ؛ قارىلاپ تۆھمەت چاپلىمايدۇ؛ مەسخىرە قىلمايدۇ؛ ھۆكۈمەتكە چاقمايدۇ؛ ئەيىبىنى ئاچمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

{يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ * يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ} «ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر. ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى

---

① ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
② بۇخارى: 13، ئەبۇ داۋۇد: 40.

يېيىشنى① ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ئاللاھ (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»②

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: {وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا} «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.»③

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەد قىلماڭلار، ئۆزەڭلار ئالمايدىغان نەرسىنى خېرىدارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن باھاسىنى ئۆستۈرمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلاغا ئاداۋەت قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بەندىلەر بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمسىز تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۇنى پەس كۆرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ ‹تەقۋا بۇ يەردە›، ‹تەقۋا بۇ يەردە›، ‹تەقۋا بۇ يەردە›، دېدى. بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دىن قېرىندىشىنى خور كۆرۈشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، ئىپپىتى ۋە مېلى باشقا مۇسۇلمانلارغا ھارامدۇر (يەنى مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش، نومۇسىنى دەپسەندە قىلىش، پۇل ـ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ھارامدۇر).»④ «ئاللاھ سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارغا ۋە شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.»⑤

## كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك:

ھەققىي مۇئمىن سودا ـ سېتىقتا، ئۆلچەمدە، جىڭدا كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقىدۇ.

كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا توغرا، دۇرۇس ۋە سەممىي بولۇش ئاساستۇر. ئىسلامدا توغرا ۋە دۇرۇس بولۇش ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم پەزىلەتتۇر. بۇ پەزىلەت كامىل مۇسۇلمان بىر جەمئىيەتنىڭ ھۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ نەتىجىلىك داۋام قىلىشى، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىگە باغلىق. ئۆلچىگەندە كەم ئۆلچەيدىغان، تارتقاندا كەم تارتىدىغان، مالنىڭ ھەققىي باھاسىنى ئېيتمايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان، سىر ساقلاشنى بىلمەيدىغان، يېتىملارنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەيدىغان، ساختىپەزلىك، ھىلىگەرلىك بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان ئىنسانلار بۇ قىلمىشلىرىنى مۇسۇلمانلىق بىلەن

① غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.
② سۈرە ھۇجۇرات: 11 ـ 12 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەھزاب: 58 ـ ئايەت.
④ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى:33
⑤ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى:34

www.uyghurkitap.com

قانداق بىرلەشتۈرىدۇ!؟ ئۇلارنى راستچىل ئىنسان دېگىلى بولامدۇ؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ * الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ * وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ * أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ * لِيَوْمٍ عَظِيمٍ * يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ * كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٍ * وَمَا أَدْرَاكَ مَا سِجِّينٌ * كِتَابٌ مَرْقُومٌ * وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِلْمُكَذِّبِينَ} «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ، ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ. سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر. بۇ كۈندە (قىيامەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!»① {وَيَا قَوْمِ أَوْفُوا الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ} «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار»②

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئاشلىق بازىرىغا بارغان ۋە بىر بۇغداي خالتىسىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، نەملىك ھېس قىلغاندىن كېيىن، بۇغداينىڭ ئىگىسىگە:

ـ «بۇ نېمە؟» دېدى. بۇغداينىڭ ئىگىسى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يامغۇر ياغقان ئىدى، شۇڭا نەم بولۇپ قاپتۇ، دېدى.

ـ «نەم بولۇپ قالغان يېرىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئۈستىگە قويساڭ بولمامدۇ؟ بىزنى ئالدىغانلار بىزدىن ئەمەس» دېدى.③

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «يالغان قەسەم بىلەن مېلىنى راۋاج تاپقۇزغان كىشى، مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ مېلىنى بۇلىغۇچى بولغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ.»④

ساغلام مۇسۇلمان باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن ساقلىنىدۇ. بەندىلەرنىڭ ھەققىنى يەپ سېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ ھەققىنى كەم ئېلىشقا رازى بولىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ ھەققىدىن ھەق ئىگىسى ئۆتمىگۈچە ئاللاھ ئۆتمەيدۇ. ئۈستىدە كىشى ھەققى بولغان ھالدا ئاخىرەتكە بارغانلار، ھەق ئىگىلىرىنى رازى قىلىش

① سۈرە مۇتەففىفىن: 1 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ھۇد: 85 ـ ئايەت.
③ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى: 146.
④ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى 372/63.

ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ساۋابىنى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ساۋابى ھەق ئىگىلىرىنى رازى قىلىشقا يەتمىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام مۇسۇلمان بارلىق سۆز-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىدە دۇرۇس ۋە راستچىل بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: {فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ} «ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك دۇرۇس بولغىن»① دېگەن ئەمرىگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىدۇ.

## قوشنىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش:

ھەقىقىي مۇئمىن قوشنىسى بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ. چۈنكى ئىسلامدا قوشنىلارنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدە ھەرخىل ھەقلىرى بولۇپ، بۇ ھەقلەر ئادا قىلىنىشى ۋە سەل قارالماسلىقى لازىم. قوشنىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ۋە قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش لازىم. ئەگەر قوشنىسى كەمبەغەل بولسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۆزى ياردەم قىلالمىسا ياردەم قىلالايدىغانلارغا تونۇشتۇرۇش قوشنىلىق بورچىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ قوشنىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈشى ئۇنىڭ ساغلام مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر بولغانلارنىڭ ئارىسىدا قوشنىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: {وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا} «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.»②

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قوشنا ھەققىدە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «جىبرىل ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى شۇنداق كۆپ تەۋسىيە قىلدىكى، مەن قوشنىنى قوشنىغا مىراسچى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.»③

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولمايدۇ» دېدى. ساھابىلار: كىم يا رەسۇلۇللاھ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «قوشنىسى يامانلىقىدىن

① سۈرە ھۇد: 112-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە نىسا: 36-ئايەت.

③ ئىمام بۇخارى: (6014)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خاترجەم بولالمىغان كىشىدۇر» دېدى.[1]

«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن! ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مېھمانغا ئىززەت-ئىكرام قىلسۇن! ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.»[2]

## كامىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى:

ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇ دۇنيادا ياشاپ، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش ۋە بۇ كائىناتنىڭ رەببىگە قۇللۇق قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. بۇ دۇنيادىكى نېمەتلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىنساندا دۇنياغا ئىنتىلىدىغان نەپس ياراتقان. بۇ نەپس كۆپىنچە دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، ئىگىسىنى يولدىن چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپسنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە تۇتۇش توغرا كېلىدۇ. ئىنسان ئۆز ئەقلىي ئىقتىدارى بىلەن نەپسىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ۋە كىتاب نازىل قىلغان. بۇ ھەقىقەتنى ياخشى چۈشەنگەن كامىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىسى مۇنداق بولىدۇ:

### دۇنيا بىر ۋەسىلە:

دۇنياغا بېرىلىپ يولدىن چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭ ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: {قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآَخِرَةُ خَيْرٌ لِمَنِ اتَّقَى} «(ئى پەيغەمبىرىم! ئېيتقىنكى دۇنيا مەنپەئىتى ئازدۇر، ئاللاھتىن قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر.»[3] {اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَامًا وَفِي الْآَخِرَةِ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٌ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ} «بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۈستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم

---

[1] ئىمام بۇخارى: (6016)
[2] ئىمام بۇخارى: (6019)
[3] سۈرە نىسا: 77-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەقىقىي مۇئمىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىشنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن. ئەبۇلئابباس سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا قىلغان ۋاقتىمدا مېنى ھەم ئاللاھ ھەم ئىنسانلار ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنيانى تاما قىلمىغىن، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەلەپ قىلمىغىن، ئىنسانلار سېنى ياخشى كۆرىدۇ.» دېدى.[2] يەنى دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرمەسلىك، كۆزنى ئاخىرەتكە تىكىش، ئاخىرەتتىكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، قولىدىكى بايلىق بىلەن خۇشال بولۇپ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىك، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تاما قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلماسلىق زاھىتلىقتۇر. كامىل مۇسۇلمان كىشى باي بولۇپ، موللۇق ئىچىدە ياشىغان تەقدىردىمۇ، مال ـ دۇنيانى سۆيمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

كامىل مۇسۇلمان كىشى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ؛ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ؛ مۇھتاجلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ؛ ئاللاھ بەرسە بايمۇ بولىدۇ. قولىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ياخشى قوغدايدۇ، لازىم بولغان يەرگە لازىم بولغان مىقداردا خەجلەيدۇ. بېخىللىق قىلمايدۇ ۋە ئىسراپ قىلىپ مالنى بۇزۇپ ـ چاچمايدۇ. چۈنكى مال جانغا ئوخشاش ئامانەتتۇر. ئامانەتنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قوغداش ئىبادەتتۇر.

## ئۆزرە تىلەشنى بىلىش:

كامىل مۇسۇلمان كىشى بىر خاتا ئىش قىلىپ سالسا، دەرھال ئۆزرە تىلەپ كەچۈرۈم سورايدۇ. خاتالىقنى داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۆزرە تىلەش ھەم ئاللاھ تائالادىن بولىدۇ، بۇنى «تەۋبە ـ ئىستىغفار» دەيمىز. ھەم ئىنسانلاردىن بولىدۇ. ھەر قانداق بىر كىشى ھەققىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەندە دەرھال مەزكۇر كىشىدىن ئۆزرە تىلەپ كەچۈرۈم سوراش، كىشىنىڭ ھەققى ئۆتۈپ قالغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇش ساغلام دىنىدارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **{وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ * أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ**

[1] سۈرە ھەدىد: 20 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

الْعَامِلِينَ} «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ ئۇستىدە بىر قېرىندىشىنىڭ ئىپپەت ياكى باشقا سەۋەب بىلەن بىر ھەققى بولسا (يەنى بىراۋنىڭ باشقىسىنىڭ ئىپپىتىگە ياكى مال-مۈلكىگە چېقىلىش ئارقىلىق ھەققى ئۆتۈپ قالغان بولسا) تەڭگە-تىللا بولمايدىغان ھېساب كۈنى كېلىشتىن ئاۋۋال بۈگۈن ھەق ئىگىسىنى رازى قىلسۇن. ئۇنداق قىلمىغاندا سالىھ ئەملى بولسا، ئۇ ھەققىنىڭ بەدىلىگە ئېلىنىدۇ. ئەگەر ياخشىلىقى بولمىسا، ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھى زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ.»[2]

## خۇلاسە:

ساغلام دىندارلىق «مەن مۇسۇلمان» دەپ قويۇش بىلەن ياكى بەزى ئىبادەتلەرنى قىلىپ قويۇش بىلەنلا بولمايدۇ. ساغلام دىندارلىق مۇقەددەس دىنىمىزنى توغرا، ئاڭلىق ۋە كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىپ، دىنىمىزنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن قەتئىي يېنىش، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمەسلىك، ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە سەل قارىماسلىق، پۈتكۈل ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىش، ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ مۇھىم نەرسىسى دىنى بولۇش، دىنىنى ئۈستۈن قىلىشقا تىرىشىش، دىنىنى ھەر تۈرلۈك دۈشمەنلىكتىن قوغداش، بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش، دۇنياۋىي پايدا-مەنپەئەتنى دەپ دىنغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق، دىنىمىز ئېلىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاقنى پەرز ئەمەل قاتارىدا كۆرۈپ ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش، دىنىنىڭ گۈزەللىكىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، ئاللاھتىن ھەققى رەۋىشتە قورقۇش، ئاللاھ ئۈچۈن ئېلىش، ئاللاھ ئۈچۈن بېرىش، ئاللاھ ئۈچۈن سۆيۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇش، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولۇشى، ئاللاھ ئۈچۈن ياشاش، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆلۈش ھەققى ۋە ساغلام دىندارلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى كامىل مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ، ئۆز دەرگاھىغا ئىمان بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 135 ۋە 136-ئايەتلەر.

[2] بۇخارى 211/9.




«ئاللاھ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ» ـ

ـ (ھەدىس شەرىف)

ھەدىسلەرنى ئوقۇش بەزىدە خۇددى رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەك، تۈرلـۈك ـ تـۈمەن مېـۋە ـ چېـۋىلەرگە تولغـان رىۋايەتلەردىكى باغلارنى تاماشا قىلىشـقا ئوخشـاپ كېتىـدۇ. بەزى گۈللەرنـىڭ پۇرىقىدىن ئۆزىمىزنى ئالالمىساق، بەزى گۈللەرنـىڭ رەڭگـىدىن ئەقلىمـىز لال بولـىدۇ. بەزى مېۋىلەرنـىڭ تەمـىدىن تىللىرىمـىز يېرىلسـا، بەزى مېـۋىلەرنى جىقـراق يەۋالمىغىنىمىزغـا پۇشـايماندا قالىمىز. بۇ ساناقسىز مېۋە ـ چېـۋىلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىشـتۇرۇپ قايسىسـىنىڭ ئەڭ تەملىكى ئىكەنلىكىنـى ھېچقاچـان بىلەلمەيمىز. ھەر بىرىنىڭ يەنە بىـرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئۆزگىچە تەم، ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرمۇ ئۆزىگە خاس مەنىلىرى، گـۈزەللىكلىرى، بالاغەت ـ پاساھەتلىرى بىلەن بـىز دۇچ كەلـگەن ھەر خـىل مەسـىلىلەرنىڭ ئـاچقۇچىنى، تېپىشـماقلىرىمىزنىڭ جـاۋابىنى، قىيىنچىلىقلىرىمىزنـىڭ چارىسىنى سۇنىدۇ. ئەپسۇسكى، خۇددى بىز باغدىن چىققاندا قويـۇپ قويۇشـقا قىيالماي ئېلىپ چىققان مېۋىلەرنى ئۆيگە بارغانـدا يېيىشـنى ئۇنتـۇپ بـۇزۇپ قويغانـدەك، نۇرغـۇن ھەدىسـلەرنى ئوقۇساقمۇ، يادلىساقمۇ، ھەتتا باشقىلارغا تەكرار ـ تەكرار ئۆگەتسەكمۇ ھاياتىمىزدا ھەقىقىي يېتەكچى مىزان قىلالمايمىز، شۇ

www.uyghurkitap.com

ھەدىسلەرنىڭ روھىنى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە سىڭدۇرەلمەيمىز. ھەدىسلەر دىلىمىزدا، تىلىمىزدا قېلىپ، ئىشىمىزغا كىرەلمەيدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، «ئىلىم تەلەپ قىلىش بارلىق ئەر-ئايال مۇئمىنلەرگە پەرزدۇر»، ‹پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»، «يالغان سۆزلەش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر»... دېگەنگە ئوخشاش ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىدىغان، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئەمما ئەڭ ئەمەل قىلىنمايۋاتقان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ھەتتا بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە بىزلەرنى ھەقىقي ئەمەل قىلالىساقلا، ياشاۋاتقان كىرىزىسىمىزدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان ئاجايىپ ئوچۇق مەنىلىك ھەدىسلەر ھەم مەۋجۇتتۇر. مېنىڭ بۇ قىسقىچە يازمامدا ئۇيغۇرلارنىڭ قايتا سەمگە سالماقچى بولغان ھەدىس يۇقاردىكى ‹ ئاللاھ ھەر قانداق ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ›. دېگەن ھەدىستۇر. بۇ ھەدىس مېنىڭ قارىشىمچە تولا ئاڭلىساقمۇ، باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆرسەكمۇ، ئەمما پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەڭ ئەمەل قىلىنمايۋاتقان، ئەڭ سەل قارىلىۋاتقان شۇنداقلا ئەمەل قىلمايۋاتقانلىقىمىزنى ھېچكىمگە ئارتىپ قويىغلى بولمايدىغان ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر.

تىل نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلغىنىمىزدا مەزكۇر ھەدىس شەرىفنى چۈشىنىشتە ھەدىستە كەلگەن ئىككى كەلىمە ئاچقۇچلۇقتۇر. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى (عمل) بولۇپ، ئىش، ئەمەل مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كەلىمە جۈملىدە ئېنىقسىز شەكىلدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بىزگە مەلۇملۇق بىرەر مۇئەييەن ئىشنى ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ھەدىستىكى ئىش-ئەمەل كەلىمىسى ئىبادەت، ياكى مۇئامىلە ۋە ياكى سودا-سېتىق، ئەمگەك دېگەندەك مەلۇم بىر ساھەگە خاس ئىشنى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدىكى ھەر قانداق ئىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مەن سىلەر بىر ئىش قىلساڭلار ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىش قىلساڭلار دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. دېمەك، تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلغىنىمىزدا، ھەدىستىكى ھەر قانداق ئىش كەلىمىسى ئىبادەت، سودا-سېتىق، پەن-تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت، ھەتتا دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش (ئەلۋەتتە ھالال كۆڭۈل ئېچىشلاردا)، يېمەك-ئىچمەك قىسقىسى بارلىق ساھەلەردىكى بارلىق ئىشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئىككىنچى ئاچقۇچلۇق كەلىمە بولسا (اتقن) دۇر. قىسقىچە ئېيتقاندا

ئۇنىڭ لۇغەتلەردىكى ئىزاھاتى (**احكم صنعه**) يەنى، ئىشلارنى پۇختا، مۇكەممەل قىلىش، قۇسۇرسىز، نۇقسانسىز قىلىش مەنىسىدىدۇر. يەنى بىر مەنىسى بىلىش بولۇپ، بۇمۇ نورمال سەۋىيىدىكى بىلىشنى ئەمەس، پىششىق بىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، مەزكۇر ھەدىس شەرىفتە مۇكەممەل قىلىش، پۇختا قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلىگەندۇر. بۇ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. ‹تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۈنىرىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر›. نەمل 88 ـ ئايەت. ئۇشبۇ ئايەت كەرىمدىكى ‹پۇختا ياراتقان› دېگەن مەنىنى ئىپادىلەشتە دەل ‹ اتقن› كەلىمىسى كەلگەندۇر. ئبن ئاببباس رەھىمەھۇللا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق شەرھلىگەن: «**احكم كل شيئ، احسن كل شيئ خلقه، اوثقه**» يەنى ھەممە ئىشنى پۇختا، مۇكەممەل قىلىش، كەم ـ كۈتىسىز قىلىش، كەم كۈتىسىز ياساش، مۇستەھكەم، مۇكەممەل ياساش مەنىلىرىنى ئىپادىلىگەن. تابەرى تەپسىرى.

ئىشلارنى باشقىلارغا قارىغان تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ سۈپەتلىك قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن كۈتكەن ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ بىرىدۇر، ھەتتا ئايەتنىڭ سىياقىدىن بۇنى ھايات ۋە ماماتىمىزنىڭ مەقسىدى دېيىشمۇ مۇمكىن. ‹ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر›.[①] مۇسۇلمانلار ھاياتىنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بۇ ئايەت تېخىمۇ ئوچۇق ۋە كونكرېت قىلىپ بۇ سىناقنى چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. يەنى، ھاياتتىن ئىبارەت بۇ ۋاقىتلىق سىناق مەيدانىدا، سىنىلىدىغان نەرسە ئاخىرقى ھېسابتا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردۇر، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردۇر. ئىش ـ ئەمەللىرىڭلارنىڭ سانى، تۈرى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەمەللەرگە سىڭگەن ئىخلاس ۋە ئەمەللەرنىڭ سۈپىتى ئاندىن تارازىدا ۋەزنىلىكتۇر. ئايەتتىكى احسن كەلىمىسى دەل ئەڭ ياخشى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىر تەرەپتىن سېلىشتۇرۇشنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئايەت بىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشلاردا ئەڭ ياخشى قىلىشنى تالىشىشقا، ياخشى ئۇسۇل، ئۈنۈملۈك يوللارنى تېپىشتا بەسلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ. ئايەت سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنىڭ قايسىڭلارنىڭكىنىڭ ئەڭ كۆپ

① سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سىنىلىسىلەر دەۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە ئەڭ ياخشى كەلىمىسىنى ئەڭ سۈپەتلىك دەپ شەرھىلىسەك خاتالاشقان بولمايمىز.

ئىسلام بىزنى مەيلى دۇنيالىق ئىش-خىزمەت، مەيلى كونكىرت ئىبادەتلەردە چوقۇم باشقىلاردىن ئەڭ ياخشى قىلىشقا، شۇ ئىشنى مەۋجۇد ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەتتا ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن قارىغاندا، ئىشلارنى ئەڭ ياخشى قىلىشنى ھاياتىمىزنىڭ مەقسىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇ يەكۈنىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق».[①] ئايەتلەردىكى ئەمەل كەلىمىسىنىڭ نوقۇل دىنىي ئىبادەتلەرنىلا كۆزدە تۇتمايدىغانلىقى ئۈستىدىكى ئايەتتىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەنى، ئاللاھنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى زېمىننىڭ زىننىتى قىلىپ ياراتقان نەرسىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ مېنىڭچە بۇنى مۇنداق تۆت نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ زېمىن ئۈستىدە ئىنسانلارغا نېئمەت قىلىپ يارىتىپ بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا شۇ نېئمەتلەرگە لايىق تەشەككۇر بىلدۈرەلەمدۇ يوق؟ ئىككىنچىدىن، شۇ نېئمەتلەردىن ئېرىشكەن كۈچنى ياخشى يوللارغا قوللىنامدۇ ياكى يامان يوللارغىمۇ؟ ئۈچىنچىدىن، شۇ نېئمەتلەرنىڭ كەينىدىكى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىپ بايقاپ چىقامدۇ؟ تەتقىق قىلىپ پايدىلىنامدۇ؟ ياكى ئاللاھ يارىتىپتىكەن دەپلا تاشلاپ قويامدۇ؟ تۆتىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مۇشۇ نېئمەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ سەمىگە سېلىپ، ئاللاھقا مىننەتدار بولۇشقا ئۈندەمدۇ يوق؟ دېمەك، يۇقارقى سوئاللارنىڭ جاۋابى ماھىيەتتە ھەم دىنىي ئىبادەتلەرنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنيالىق ئىش-ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن مەزكۇر ھەدىسكە قارىساق مەنە تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. ئەسكەرتىش كېرەك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ھەدىستىكى «ھەر قانداق ئىش» دېگىنىمىزدە ھەرگىزمۇ ياخشى، يامان بارلىق ئىشلارنىڭ كۆزدە تۇتۇلمىغانلىقى ئېنىقتۇر. بەلكى ئىسلام بۇيرىغان، تەشەببۇس قىلغان شۇنداقلا چەكلىمىگەن رۇخسەت دائىرىسىدىكى بارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام چەكلىگەن گۇناھ ياكى بىھۇدە ئىشلار

① سۈرە كەھف 7-ئايەت.

ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، «ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ» غان ئىشلارنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا ئاللاھنىڭ رۇخستى ئىچىدىكى ئىشلاردىن بولۇشى تەبىئىي مەنتىقلىق تەقەززادۇر، بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمدىكى سوئال شۇدۇر: ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان بولىمىز؟ ياكى باشقىچە ئېيتقاندا ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ يولى نېمە؟

ساغلام بىر ئېتىقادىي چۈشەنچىگە ساھىب بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭلا ئىشلارنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە، ئەڭ قۇسۇرسىز، ئەڭ نۇقسانسىز قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش قۇرئاندا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۆزى ھەققىدە بايان قىلغان سۈپەتلىرىگىمۇ ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، ئىلمىنىڭ بارچە مەخلۇقاتنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى، ئاللاھ قىلغان ئىشلارنىڭمۇ مەخلۇقلار قىلغان ئىشلاردىن سان، سۈپەت جەھەتلەردە سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. دېمەك شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىشلارنى ئەڭ مۇكەممەل

قىلغۇچى زاتنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا ئىپادىلىگەندە، ئىشلارنى قانداق قىلغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىش بىلەن بىز ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنىڭ يولى ھەققىدە يېپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھمۇ قۇرئان كەرىمدە بىزنى ئۆزىنىڭ ئىش قىلىش تەرزىگە دىققەت قىلىشىمىزغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ «ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى؟ ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى؟ تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؟ زېمىن قانداق يېيىتىلدى؟».[①] يەنى، ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ بىزنى تۆگە، ئاسمان، تاغ، زېمىنلارنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مۇشۇلارنى قانداق ئۇسۇلدا ياراتقانلىقىغا قارىشىمىزنى بۇيرۇۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلارنى قانداق رەۋىشتە قىلىدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ ئىككى خىل يولى بار. خۇددى جامالىدىن ئافغانى ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىزگە ئىككى كىتاب نازىل قىلغاندۇر، بىرى قۇرئان، يەنە بىرى تەبىئەتتۇر. بۇ ئىككى يول دەل مانا مۇشۇ ئىككى ئەسەرنى ئوقۇشتىن ئىبارەت. بىز ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ماھارىتىنىڭ ئەسىرى بولغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، تەتقىق قىلىش، توپلىغان ئەۋرىشكە، ئۆچۈرلارنى

---

[①] غاشىيە 17 ـ 20 ئايەتلەر

سىستېمىلىق ئانالىز قىلىش، شۇنداقلا ئانالىز قىلىنىپ پارچىلانغان مەلۇماتلارنى يەنە بىرىكتۈرۈپ سىستېمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ تەبىئەت ئالىمنى قانداق ياراتقانلىقنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى قايسى ئۇسۇل، شەكىللەردە ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقانلىقىنى، ھادىسىلەرنىڭ ئاستىدىكى قانۇنىيەتلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، سەۋەب-نەتىجە زەنجىرىنىڭ قانداق بىرىكتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. تەبىئەت دۇنياسىنى ئوقۇش دېگىنىمىز ماھىيەتتە شۇدۇر. تەبىئەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بىر ئادەم، تەبىئەتتىكى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى، يامغۇر يېغىش، شامال چىقىش، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى دېگەندەك ھادىسىلەردىن تارتىپ، جانلىقلاردىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ مىكرو پائالىيەتلىرىگىچە بولغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىدىكى قانۇنىيەتنىڭ دەل ئاللاھنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. قىسقىچە ئېيتساق، ئالەمنىڭ ماكرو ۋە مىكرو قاتلىمىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق قانۇنىيەتلەردىكى ئىشەنگۈسىز ئىنچىكىلىك، مۆجىزىدارلىق، ئاللاھنىڭ ئىشلارنى قىلىشتا ھەققەتەن ‹ ۋايىغا يەتكۈزىدىغان› لىقىنى كۆرسىتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ناۋادا ئىنسانلارمۇ ئىشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزمەكچى بولسا، دەل ئاللاھنىڭ شۇ قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق نامايەن قىلغان يۈكسەك ماھارەتتىن ئۆرنەك ئېلىش، ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا تەقلىد قىلىشقا تىرىشىشتۇر. بۇ بايانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىشى مۇمكىن: تەبىئەت ئالىمى ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن بىر نەپىس ئەسەردۇر، بۇ ئەسەر قۇدرىتى يېتۈك، ماھارىتى تەڭداشسىز ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغاندۇر، ناۋادا ئىنسانلار ئىشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلماقچى بولسا، مانا مۇشۇ تەڭداشسىز ئەسەردىن ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك، بۇ ئەسەردىن ئۆرنەك ئالغانلىق تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەسەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھتىن ئۆرنەك ئالغانلىقتۇر.

ئىككىنچى يولنىڭ قۇرئاننى ئوقۇش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغاندۇق. قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاق ئىنسانلارنىڭ سەمىگە سېلىش ئۈچۈن قايتا-قايتا تىلغا ئالىدۇ.

«ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جاندارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق»[1].

‹بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى›.[2]

‹اللاھنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى، كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ـ ئۆز پەلىكىدە ـ سەير قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر›. لوقمان 29 ـ ئايەت

«كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئاللاھنىڭ سىلەرگە بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ھەر بىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەتلەر بار»[3].

«ئاللاھ سىلەرنى بىر نەفستىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى، سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ سىلەرنى ئانىڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياراتتى، ئەنە شۇلارنى قىلغۇچى ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر»[4].

«سەن بىلمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۇرۇپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۇندۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار»[5].

قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرىدىغانلار بۇ خىل مەزمۇندىكى ئايەتلەرنىڭ قۇرئاندا ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇ ئايەتلەرنى نەقىل ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بولسا ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەردۇر:

«ئۇ ھەممە نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتتى»[6] بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان (احسن) ئىبارىسى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە چىرايلىق ياراتتى دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ئەسلى مەزكۇر كەلىمە ئىپادىلەيدىغان مەنىنى تولۇق ئىپادە قىلالمايدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ يىلتىزى

---

[1] لوقمان 10 ـ ئايەت.

[2] لوقمان 20 ـ ئايەت

[3] لوقمان 31 ـ ئايەت.

[4] زۇمەر 6 ـ ئايەت

[5] زۇمەر 21 ـ ئايەت.

[6] سەجدە 7 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە چىرايلىق، گۈزەل دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، ئىھسان شەكلىدە قوللىنىلغاندا ئەڭ مۇكەممەل قىلماق، قىلچە كەم-كۈتىسىز قىلماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گۈزەللىك مۇكەممەللىكنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس، مۇكەممەللىكتە گۈزەللىك بولىدۇ، ئەمما گۈزەللىكلەردە مۇكەممەللىك بولۇشى ناتايىن. شۇڭلاشقا بۇ ئايەتنى ئۇ ھەممە نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتتى دەپ ئېلىش تېخىمۇ ئۇيغۇن دەپ قارايمەن. مەن باشتا نەقىل ئالغان ئايەتمۇ دەل مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ‹(بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۈنىرىدۇر.› نەمل 88-ئايەت . ئۇشبۇ ئايەتتىكى پۇختا يارىتىش كەلىمىسى دەل مۇكەممەل يارىتىش، قۇسۇرسىز يارىتىش مەنىسىدىدۇر. ئۈستىدىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالا ھەم ئۆزىنىڭ ئالەمنى يارىتىشتىكى قۇدرىتىنى، مۇكەممەللىكنى بىزلەرگە تەكرار-تەكرار ئەسكەرتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ياراتقۇچى ۋە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى سەممىزگە سالىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تېخىمۇ كونكرېت بىر سوئالغا كېلەيلى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلاردىكى بۇ مۇكەممەللىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا قانداق بىر ئۇسۇل ياكى شەكىل ۋە ياكى بىر يول بار؟ يەنى، ئاللاھ يارىتىش ۋە تەسەررۇپ قىلىش پېئىللىرىنى قانداق ۋايىغا يەتكۈزدى؟ بەلكىم بىز ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدىغان بىر زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەلۋەتتە مۇكەممەل قىلالايدۇ، بۇنى سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ جاۋابىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ بىزگە قانداق بىر ئەمەلىي پايدىسى بار دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. مېنىڭچە بىز بۇنىڭ جاۋابىنى بىلسەك، ئۈستىدە دەپ ئۆتكەندەك بىزنىڭ ئاللاھتىن ئۆرنەك ئېلىش، ئاللاھنى تەقلىد قىلىشىمىز ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ، بىزمۇ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ يولىنى تېپىۋالالايمىز. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتىكى سوئالىمىزغا يىپ ئۇچى بولغىدەك تۆۋەندىكى ئايەتلەر بار.

«قَدْ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْراً»

ئايەتنىڭ تەرجىمىسى شۇدۇر: « ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى»[1]. ئايەتتىكى كل كەلىمىسى بارلىق، ھەممە دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ ياراتقان جىمى جانلىق، جانسىز ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. قىدر كەلىمىسى بولسا، مۇئەييەن سانلىق قىممەتكە ئىگە مىقدار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىك بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ‹ئاللاھ

[1] سۈرە تالاق 3-ئايەت.

بارلىق نەرسىلەردە مۇئەييەن سانلىق مىقدار قىلدى، بارلىق نەرسىلەرنى مۇئەييەن سانلىق مىقداردا قىلدى، بارلىق نەرسىلەرنى مۇئەييەن سانلىق مىقداردا ياراتتى ›دېيىش مۇمكىن. ئاللاھ يەنە مۇنۇ ئايەتتە شۇنداق دەيدۇ ‹ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر› رەئىد 8 ـ ئايەت. ئەرەپچىسى ‹وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ› يەنى، كۆرگىنىمىزدەك ئايەتنىڭ ئەرەپچىسىدىمۇ مىقدار كەلىمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ مۇئەييەن بىر سانلىق قىممىتى، سانلىق مىقدارى، سانلىق ئۆلچىمى باردۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈرە قەمەردىكى مۇنۇ ئايەتمۇ يەنە شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «إِنَّا كُلَّ شَيْء خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ» يەنى بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك قىلىپ ياراتتۇق، بۇ ئايەتنىمۇ ئۈستىدە قەيت قىلغىنىمىزدەك، مۇنداق ئىپادە قىلىشىمۇ مۇمكىن: بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بەلگىلىك بىر سانلىق مىقداردا، مۇئەييەن بىر سانلىق ئۆلچەمدە ياراتتۇق.

مۇشۇ ئايەتلەر سايىسىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر ماددا، بىر جىسىم، بىر ھادىسە، بىر ھەرىكەتكە قارىغىنىمىزدا سانلىق قىممەت بىلەن ئۆلچىگىلى، ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان نەرسە يوقلىقىنى بايقايمىز. ( ئەگەر بار دېيىلسە چوقۇم ئۇنى ئۆلچەشنىڭ ئۇسۇلى تېخى كەشىپ قىلىنمىغانلىقىدىن بولۇشى يۇكسەك ئېھتىمالدۇر) بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن يۇكسەك تەرەققىي قىلغان دەۋردە بۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز تېخىمۇ ئوڭاي. مەسىلەن: يەرشارىنىڭ ھەجمى، ئايلىنىشى، كۆلىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن سانلىق قىممەت بىلەن ھېسابلىنالايدۇ؛ سۇنىڭ قايناش ۋە مۇزلاش نۇقتىسى شۇنداقلا مۇزنىڭ ئېرىش نۇقتىسى، ھەر خىل گازلارنىڭ ئېغىرلىقى، ئوخشىمىغان مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇناسىۋەتلىك سانلىق مىقدارلار بىلەن ئۆلچىگىلى ۋە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. بىلىمىزكى، ھازىرغىچە بايقالغان خىمىيۋى ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس سانلىق قىممىتى بار. بىر ماددىنى ئېغىرلىقى، ھەجمى، شەكلى، ماسسىسى، زىچلىقى... قاتارلىق ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئوخشىمىغان سانلىق قىممەتلەر بىلەن ئۆلچەش ۋە ئىپادىلەش بۈگۈن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە باللارمۇ بىلەلەيدىغان ئاددىي پەننىي ساۋاتلاردۇر. ئەگەر مۇشۇ پىتى ئىنچىكىلەپ مىسال كەلتۈرۈشنى باشلىساق، بۇنداق مىساللارنىڭ چەكسىزلىكىدىن تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئۇقۇم ‹سان›دۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئىما ـ ئىشارىتى ۋە تەبىئەتتىكى شەيئى ـ ھادىسىلەرنى كۆزىتىشتىن ئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇلاسىلىرىمىزنى بىرلەشتۈرگىنىمىزدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرىنى «ۋايىغا يەتكۈزۈش»تىكى ئۇسۇلىنىڭ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، شەيئىلەرنى مۇئەييەن سانلىق قىممەتلەرگە ئىگە قىلىپ يارىتىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەن بۇنى «مىقدارلاشتۇرۇش» دەپ ئاتاشنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدىكەن دەپ قارىدىم. يەنى، يەكۈن شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىدىكى، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قۇسۇرسىز قىلىشىدىكى ئۇسۇل ياكى سىر ئۆزى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك مىقدارلاشتۇرۇشتۇر. بىز بۇنى مۇشۇنداق ئېنىق ئۇقۇملاشتۇرۇپ ئاڭقىرىۋالغىنىمىزدا ئاندىن، ئاللاھنىڭ ئۇسۇلىدىن ئۆرنەك ئېلىش مۇمكىن بولىدۇ. غۇۋا چۈشىنىشلەر ھېچبىر زامان كونكرېت ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. مۇكەممەللىك تېخىمۇ مۇكەممەلنى تەقلىد قىلىش بىلەن ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنداقتا بىز بۇ يەردە دەۋاتقان مىقدارلاشتۇرۇش زادى قانداق ئۇقۇم؟ بىز ئۇنى ئۆز ئىشلىرىمىزدا قانداق تەدبىقلايمىز؟ ياكى بۇ مىقدارلاشتۇرۇشنىڭ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

يۇقارقى ئايەت ۋە مۇھاكىمىلەردىن ئىشلارنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە قىلىدىغان ئاللاھنىڭ بۇ مۇكەممەل ماھارىتىنىڭ سىرىنىڭ مىقدارلاشتۇرۇشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. مۇشۇ ئاساستا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزسەك، ئىنسانلارغا نىسبەتەن بۇ مىقدارلاشتۇرۇشنىڭ ماھىيەتتە دەل ئىلىم-پەننى ئىشلارغا تەدبىقلاشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت يەكۈنگە تەبئىي ئۇلىشالايمىز. ئىلىم-پەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كەسپىي ئاتالغۇ لۇغەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلمىساقمۇ، ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىدىكى ھازىر مەۋجۇت ئىلىم-پەن ئۇقۇمى ھەققىدە ئويلىنىپ باقساقلا، ئىلىم-پەننىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق تارماقلىرىدا (فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، بوتانىكا، ئاسترونومىيە...) باشتىن-ئاخىرى سانىنى يادرو، سانىنى مەركەز قىلغان بىر بىلىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ئىلىم-پەننىڭ بارلىق تارماقلىرىدىكى تەتقىقاتلىرى، تەجرىبىلىرى، ھېسابلاشلىرى، ئۆلچەشلىرىدە ماتېماتىكىغا تايانماسلىقى، نەتىجىلىرىنى ماتېماتىكىلىق ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ھەم بىز بىلىمىزكى ماتېماتىكىنىڭ جېنى، يۈرىكى ساندۇر. يەنى، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بارلىق ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن جەريان، باسقۇچلىرىدا سانسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

روشەنكى، ئىلىم پەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئېنىقلىققا، توغرىلىققا ئىگە قىلىشقا بولغان توختاۋسىز ئىزدىنىش ۋە

ئۇرۇنۇشلىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئىلىم-پەن بىزنىڭ بىلىشىمىزنى تەخمىن، گۇمان، پەرەزلەردىن مۇمكىنقەدەر ئېنىق، توغرا، سانلىق مىقدارلار بىلەن ھېسابلىغىلى، ئۆلچىگىلى بولىدىغان بىلىش سەۋىيەسىگە يۈكسەلدۈردى، شۇنداقلا ئىنسانلار مۇشۇ يۈكسەك ئېنىقلىقتىكى بىلىملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە بۇ بىلىملەرنى تەدبىقلاش ئارقىلىق ئىشلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، كۆزلىگەن نەتىجىنى ھەم تېز، ئاسان، تۆۋەن سەرپىياتتا قولغا كەلتۈردى. بۇ بىلىملەر ئاساسىدا يېڭى تېخنىكا، كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ھاياتنى تېخىمۇ قولايلىقا ئىگە قىلدى. پايدىلىنالايدىغان ۋاستىلىرىنىڭ تۈرىنى كۆپخىللاشتۇرۇپ سۈپىتىنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق رەقىبلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. رەقىبلەردىن ئۈستۈن ياكى تۆۋەن بولۇپ قېلىش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا تەرەپلەرنىڭ بىلىشىنىڭ سۈپىتىگە قويىغان تەلپىنى ۋە قوللانغان بىلىش ئۇسۇلىدىن كېلىدۇ دېيىش مۇمكىن. يەنى، بىلىشنى مىقدارلاشتۇرالمىغان (باشقىچە ئېيتقاندا ئىلمىي بىلىشتىن يوقسۇل) تەرەپلەر تەبىئىيكى، ھۆكۈم، يەكۈنلەردە تەخمىن، پەرەزلەرگە تايىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىقلىق ۋە توغرىلىقتا ئىگە بولمىغان بىلىم ئاساسىدا ھەرىكەت قىلغاچقا، ئىش ئۈنۈمى شۇنىڭغا ماس ھالدا، بىلىشنى مىقدارلاشتۇرۇپ (يەنى ئىلىم-پەننى تەدبىقلاپ) ھەرىكەتنى جەزمىي بىلىملەر ئاساسىدا ئېلىپ بارىدىغان تەرەپلەردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تۆۋەن، سۈپەتسىز بولىدۇ. بۇنى ھازىرقى دۇنيادىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى رىقابەتتىن روشەن كۆرەلەيمىز.

بەزى مىساللار بەلكىم بۇنى تېخىمۇ ئوبرازلىقراق چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن. قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىنتايىن نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى، ھۈنەر سايمانلىرى ۋە ياكى ھازىرقى ئىنتايىن ئىنچىكە تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغا قارايدىغان بولساق، بۇ نەپىس بۇيۇملارنىڭ كەينىدىكى ئۈستۈن ھۈنەرگە سىڭدۈرۈلگەن سانلىق مىقدارلارنى كۆرمەك قىيىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، ھازىرقى يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار تېخىمۇ شۇنداق. ئەنئەنىۋي تۆمۈرچىلەر ھازىرقى داڭلىق ماركىلىق پىچاقلارنى ياسايدىغان زاۋۇتلارنىڭ ئالدىدا ئاساسەن مەغلۇپ بولدى، چۈنكى تۆمۈرچىلەر تۆمۈرنى قىزىتىش، سوغۇرۇش، سوقۇش دېگەنلەردە تېمپېراتۇرا ئۆلچەپ، سۇغا چىلاشنى سائەتكە قاراپ مىنۇت سېكۇنت ھېسابلاپ ئولتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇستازى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا ئۇنداق ئۆگەتمىگەن، مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇستازى ئۆگەتكەن ئەنئەنىۋي ئۇسۇلدا تاماملايدۇ. ئەمما ھازىرقى زاۋۇتلار پىچاق سوقۇشنى ئەنئەنىۋي ھۈنەردىن ئاللىبۇرۇن ئىنچىكە ئىلىم-پەن پرىنسىپلىرى تەدبىقلىنىدىغان بىر ئىنچىكە تېخنىكىلىق جەريانغا ئايلاندۇرۇپ بولغان. ئىشلىتىلىدىغان مېتالنىڭ تەركىبى ئېنىق ھېسابلىنىدۇ، تۆمۈرنى قىزىتىش، سوۋۇتۇش جەريانلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېنىق، چىدامچانلىقى قايتا قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەتتا شۇ سىناقلىرىنىڭ ئېنىق قېتىم سانى بار. يەنى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تولىمۇ ئىنچىكە مىقدارلاشتۇرۇلغان. قايتا-قايتا تەكىتلەش لازىمكى، مىقدارلاشتۇرۇش بىلىشىمىزدىكى خاتالىق پەرقلىرىنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ، بىلىشىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئېنىقلىققا، توغرىلىققا ئىگە قىلىدۇ، يەنى مىقدارلاشتۇرۇلغان بىلىش ‹ ئىشقىلىپ بىلىش›كە قارىغاندا تىن توغرىلىق، جەزمىيلىك، ئېنىقلىقتا نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ. باقمىچىلىقنى مىسالغا ئالايلى، بىر ئادەم دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە قويلىرىنى ھەركۈنى يايلاقتا ئوتلىتىدۇ، كەچتە ھەلەپ بېرىدۇ، ئىككى ئۈچ كۈندە

بىرەر قېتىم قويلارنى كۆتۈرۈپ بېقىپ ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ باقىدۇ. دۈمبىسىنى تۇتۇپ بېقىپ سەمرىگەن سەمرىمىگىنىنى بىلىدۇ. يەنە بىر ئادەم ھەر كۈنى قويلارغا قانچە قېتىم، قانچىلىك مىقداردا كېپەك، سامان، ئوت بەرگىنىنى ئۆلچەيدۇ ۋە يېزىپ ماڭىدۇ، قويلىرىنى تارازىغا سالىدۇ، ۋە خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. .... ئەمدى سوراپ باقايلى، بۇ ئىشتا قايسى ئادەم پايدا ئېلىشى مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، قوي بېقىشنى مىقدارلاشتۇرغان ئادەمنىڭ پايدا ئېلىش ئېھتىماللىقى يەنە بىر ئادەمنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ قوينى ساتسىمۇ تەننەرقىنى ئىنچىكە ئېنىق ھېسابلىيالايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا شۇ قويغا كەتكەن چىقىملىرى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن، نەچچە كۈندە نەچچە كىلو سەمرىگىنىنى، بۇ جەرياندا نەچچە پۇللۇق سامان، كېپەك...كەتكىنىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا قالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قوي باقسا، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى، يەم-خەشەكلەرنى قانداق ئېلىش، قانداق ساقلاش، قانداق بېرىش دېگەندەك تەپسىلاتلاردا ئىلمىي تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا تۈنۈگۈننىڭ مەلۇماتلىرىنى خاتىرىلىگەن، ئەتىگە يول كۆرسىتەلەيدىغان ئېنىق بىر قوللانما بار. ئەمما يەنە بىر ئادەمنىڭ

قولدا بۇنداق بىر ئىنچىكە، تەپسىلىي قوللانما يوق. ئەمدى بىز بۇ ئىككى ئادەمنى باقمىچى ئەمەس، ئوخشاش ھەربىي كۆچكە ئىگە ئارمىيىسى بار ئىككى قوماندان، بۇلار ئورۇشماقچى دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىزنىڭچە كىمنىڭ غەلىبە قىلىش ئېھتىمالى كۆچلۈك؟ جاۋاپ ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى كارخانىنىڭ دىرېكتورى بولسىچۇ؟ رىقابەتتە قايسىسى ئۈتۈپ چىقىشى مۇمكىن؟ بىز بۇنى بارلىق ساھەلەرگە تەدبىقلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولىدۇ. بىلىشنى مىقدارلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن بىر مىللەت ياكى دۆلەت بىلەن ئەھمىيەت بەرمىگەن بىر مىللەت ياكى دۆلەت رىقابەتلىشىپ قالسىچۇ؟

مىقدارلاشتۇرۇش ئادەتتە تەبىئىي پەن، سانائەت دېگەندەك ماددىي ساھەدە بەكرەك روشەن كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئەمما بۇگۈنكى كۈندە جەمىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، سىياسىيشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق... دېگەندەك ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى مىقدارلاشتۇرۇپ ئۆلچەش، ئىپادىلەش ئەڭ مۇھىم تەتقىقات مېتودىدۇر. مەسىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردىكى ئىككى ئاساسلىق تەتقىقات مېتودىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى مىقدارلىق تەتقىقات مېتودى ( **Quantitative Approach**)، يەنە بىرى بولسا، سۈپەت تەتقىقات مېتودى (**Qualitative Approach**)دۇر. مىقدارلىق تەتقىقات مېتودى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ يا كوللېكتىپ ھەرىكەتلىرى ( مەسىلەن مەلۇم جەمىيەتتە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش ) ياكى ئىندىۋىدۇئال ھەرىكەتلىرى ( مەلۇم شەخستىكى چۈشكۈنلۈككە ئوخشاش ) كۆزىتىلىپ، مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار بەلگىلىك ئۆلچەمدە توپلىنىپ، ئاندىن يەنە بەلگىلىك ئۇسۇل بىلەن ئانالىز قىلىنىپ ئاندىن مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئىلمىي يەكۇن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ **Quantitative** دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ سانلىق، مىقدارلىق دېگەن مەنىدىدۇر. مەسىلەن: پسىخولوگىيە تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ئادەتتە 5 ـ 6 ياشلىق باللارنىڭ ئۆزى قىزىققان پائالىيەتلەردىكى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋاقتى 10 ـ 15 مىنۇت ئىچىدە بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ بىرىنچى سىنىپنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچىسىنى تەسەۋۋۇر قىلايلى، بىرى باللاردىكى مەزكۇر دىققەت قانۇنىيىتىنى بىلىدۇ، يەنە بىرى بولسا باللارنىڭ دىققىتىنىڭ تېز چېچىلىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

بىلىدۇ، بىراق 10 ـ 15 مىنۇت ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بالىلارنىڭ دىققىتىدىكى مۇشۇ قانۇنىيەتنى بىلىش بىلمەسلىك ( يەنى، مىقدارلىق بىلىش) سىزنىڭچە بۇ ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا ئەمەلىيىتىدە قانداق ئەكس ئېتىشى مۇمكىن؟ بىلىدىغان ئوقۇتقۇچى ھېچبولمىغاندا بالىلاردىكى بۇ قانۇنىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، بالىلارنىڭ دىققىتى چېچىلىدىغان ۋاقىتقا دىققەت قىلىشى، شۇ ۋاقىتتا يەنە بالىلارنى باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشى ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتا دەرسنى باشلىشى مۇمكىن، ناۋادا بالىلار دىققىتىنى يىغالماي باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ قالسا، بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشىنىپ ئالدىراپ بالىنى ئەيىپلىمەسلىكى ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. يەنە بىر بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچى بولسا بالىلاردىكى دىققەت چېچىلىشقا توغرا مۇئامىلە قىلىش، دەرس ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بالىلاردا دىققەت چېچىلىش كۆرۈلسە ئۇ بالىلارنى كەپسىز، ياغاچ قۇلاق دەپ تىللىشى، ھەتتا ئۇرە تۇرغۇزۇپ قويۇش، سىنىپتىن چىقىرىۋېتىش دېگەندەك ئورۇنسىز جازالارنى قوللىنىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن. مانا بۇ ئىككى خىل سۈپەتتىكى بىلىشنىڭ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشتا كۆرۈلگەن روشەن پەرقتىن ئىبارەت.

يەنە مەسىلەن: پسىخولوگىيەدە (Intelligence Quotient) زېھىن كۆرسەتكۈچى دەپ بىر ئۇقۇم بار. چۈشىنىشلىك ئېيتقاندا، زېھىن كۆرسەتكۈچى دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىر قاتار مەسىلە ھەل قىلىش سوئاللىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىلغان سانلىق قىممەتتىن ئىبارەت. بۇ سانلىق قىممەت شۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە ئۆلچەنگەن قىممەتنى شۇ ئادەمنىڭ ئەقلىنىڭ ئەڭ توغرا قىممىتى دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ ( زېھىن كۆرسەتكۈچىنى مۇتلەق قىممەت دەپ قارىۋېلىشنى توغرا دەپ قارىمايدىغان نۇرغۇن پسىخولوگلار بار)، زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. زېھىن كۆرسەتكۈچى يۇقىرى بالىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش نىسبىتى، زېھىن كۆرسەتكۈچى تۆۋەن بالىلارغا قارىغاندا كۆپ يۇقىرى بولىدىغانلىقىمۇ زېھىن كۆرسەتكۈچىنى نوپۇزلۇق بىر ئۆلچەم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىدا مەخسۇس

زېھىن كۆرسەتكۈچىنى (IQ) سىنايدىغان سوئاللار بار، نۇرغۇن شىركەتلەرمۇ قوبۇل قىلىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ IQ سىناق نەتىجىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ زېھىن كۆرسەتكۈچى دەپ ئاتالغان بۇ سانلىق مىقدار، بىزنىڭ پالانى ناھايىتى ئەقىللىق، بەك ھوشيار، بەك ئۆتكۈر ياكى قاپاقۋاش، دۆت، كالۋا دېگەندەك نىسبەتەن ئابستراكت، ئەۋرىشىم سۆپەتلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە توغرىلىققا ئىگە سانلىق مىقدارلار بىلەن ئىپادىلەشتۇر. تىلىمىزدىكى ئەقىللىق ياكى كالۋا دېگەن سۆپەتلەرنىڭ دائىرىسى ئېنىقسىز، كونكرېت ئەمەس، بىرسىنى ئەقىللىق دېگىنىمىزدە، زادى قانداقراق دەرىجىدە ئەقىللىق دەيدىغان سوئال تۇغۇلىدۇ، يەنى، تېخىمۇ كونكرېت ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئەقىللىقلىق ئۆلچىمىنى بەلگىلەش كەڭلىكتىكى بىر دەرىجە دائىرىسى ئىچىدە قوللىنىشقا بولىدۇ، ئەمما بىراۋنىڭ زېھنىي كۈچىنى IQ سىناق نەتىجىلىرىدەك 70 ـ 130 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەلگىلىك سانلىق قىممەتلەر بىلەن ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا ئۇنى ئەقىللىق، بەك ئەقىللىق دەپ ئىپادىلىگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق، ئوچۇق، توغرا چۈشەنچىگە ئېرىشىمىز. مەسىلەن 85 ـ 95 ـ 100دېگەندەك سانلار بىلەن ئىپادىلەنگەن پەرق، ئەقىللىق، خېلى ئەقىللىق، بەك ئەقىللىق دېگەن سۆپەتلەر ئىپادىلىگەن پەرقتىن كۆپ ئېنىق ۋە توغرىدۇر. ماھىيەتتە، مەن باشتىن ئاخىرى تەكىتلەۋاتقان بىلىشنى مىقدارلاشتۇرۇش دېگىنىمنىڭ مەقسىتى دەل بىلىشنىڭ سەۋىيەسى، سۆپىتىگە بولغان تەلەپنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئېنىقلىق، توغرىلىق دەرىجىسىنى ئىمكانىيەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشتۇر. چۈنكى مىقدارلاشقاندىلا ئاندىن ئىنچىكىلىشىدۇ، ئېنىقلىشىدۇ ۋە توغرىلىقى يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ. ئوخشاش تۈردىكى مىساللاردىن يەنە ناھايىتى كۆپ كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن، ئەمما ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىدىكى مىساللاردىن مېنىڭ مەقسىدىمنى يېتەرلىك چۈشىنەلەيدۇ.

بايانلىرىمدىن شۇ ئايانكى، بىلىشنى مىقدارلاشتۇرۇش دېگىنىم ماھىيەتتە بىلىشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، بىلىشلىرىمىزگە ئىلمىي تەلەپ قويۇش، تەخمىن، پەرەزلەرنى كەسكىن بىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر. بۇ تەلەپنى نوقۇل بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئۇششاق قاتلاملىرىغىچە تەدبىقلاش مۇمكىن. مەسىلەن: بىر ئوقۇغۇچى مۇشۇ مەۋسۇمدە ئىنگلىزچە مەلۇم بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى نىشان قىلدى. بىراق بۇ نىشاننى باسقۇچلارغا پارچىلاپ، ھەر باسقۇچتا مۇنچىلىك بىر نەرسە ئۆگىنىمەن، ھەركۈنى مۇنچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىمەن، مۇنچىلىك سۆز ياكى تېكىست يادلايمەن ياكى ئوقۇيمەن دېگەندەك كونكرېت ئىجرا پىلانىغا ئايلاندۇرمىسا (يەنى مىقدارلاشتۇرمىسا) ئۇ نىشانغا يېتەلىشى ناتايىن. يەنە مەسىلەن: سىز چېنىقماقچى، ئەمما ھەركۈنى قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىڭىزنى ۋاقىتلارغا ئايرىپ، ھەر ۋاقىت بۆلىكىدە قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ سانىنى ئېنىق قىلمىسىڭىز (ئادەتتە كەسپىي مەشقاۋۇللارنىڭ ھەممىسى چېنىقىشنى ئىنچىكە سانلىق قىممەتلەر بىلەن مىقدارلاشتۇرىدۇ)، چېنىقىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىشىڭىز، ئۈنۈمنى ئېنىق ھېس قىلالىشىڭىز ناتايىن. شۇنىڭ بىلەن تېزلا بۇ چېنىقىشتىن ۋاز كېچىسىز. ئوخشاشلا بۇنداق مىساللارنى ھاياتىمىزدا كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز، شۇنداقلا ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقساقلا ئىنتايىن نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنى مىقدارلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

مۇشۇ نۇقتىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىققا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ نەقەدەر كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزنى لال قىلىپ قويۇۋاتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار، ئىنتايىن مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى قىلالايدىغان يۇمشاق دېتاللار، بىئولوگىيەدىكى ئادەم ئىشەنگۈسىز ئىلگىرىلەشلەر... دېگەندەك ۋايىغا يەتكەن نەتىجىلەر (مەۋجۇت ئىمكانلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى ھالغا يېتەلىگەن) ياكى مەھسۇلاتلارنىڭ تېگىدە سان-ساناقسىز مىكرو ئېنىقلىققا يەتكەن بىلىم مەۋجۇت، مىقدارلاشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بىر ئۇستۇن ئەقىل مەۋجۇت، ئېچىنىشلىق يېرى ئاللاھ بىر قانچە ئايەتتە بىزگە ئىما قىلغان مىقدارلاشتۇرۇشقا بىز مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئەمەل قىلىۋاتىدۇ ۋە بىز يېتەلمىگەن پەللىلەرگە يېتىۋاتىدۇ. ئەڭ يامىنى گەدىنىمىزگە ھەم مىنىۋاتىدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق پۈتكۈل مۇسۇلمان جۇغراپىيەسىدىن داڭلىق ماركىغا ئايلىنالىغان بىرەرمۇ تېخنىكىلىق مەھسۇلات ئۇچرىتالمايمىز، بۇنداق ھالەت پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى ئۈچۈن قىيامەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدا كوللېكتىپ ھېساب بېرىدىغان بىر جىنايەتتۇر. بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنياغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇنيانىڭ قىممىتى يوقلىقى ۋە ياكى ئىمپېرىيالىست كۈچلەرنىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقى دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئاقلاش

ھاماقەتلىكتۇر، قايىل قىلارلىق ئەمەستۇر.

بىز ھازىرغىچە قويىنى تارازىغا سالماي، كۆتۈرۈپ ئۆلچەيدىغان ئىپتىدائىي سەۋىيەنى بەك ئۈستىكەن دەپ ماختايدىغان ھالەتتە ياشاۋاتىمىز. بىلىشكە قويغان تەلپىمىز شۇنچىلىك تۆۋەنكى بىزدە بىر تىلدىن بىر نەرسە تەرجىمە قىلالىغانلارنى ئالىم دېيىش ھېچبىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، باشقىلار ئوقۇمىغان ئىككى تال كىتابنى ئوقۇۋېلىپلا يېتۈك مۇتەپەككۇرغا ئايلىنىش ھېچ قىيىن ئەمەس، بىرەر شەھەردە ھەپتە تۇرساقلا، شۇ دۆلەتنىڭ مۇتەخەسسىسىدەك سۆزلىشىمىز بەكلا تولا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلاردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە مىقدار، ئۆلچەم بىلەن بەرگەن ۋاقىت، ئەقىل ۋە باشقا ئېنېرگىيەلىرىمىزنى ھېسابلىق، مىقدارلىق سەرپ قىلىدىغان، ئۆلچەپ تۇرىدىغان زېھنىيەت تېخى شەكىللەنگىنى يوق. ئوتتۇرىغا ئېتىلغان ئىنتايىن كەسكىن ھۆكۈم، ئاخىرقى يەكۈنلەرگە بۇلارنىڭ دەللى نېمە؟ دەپ سورايدىغان ئەقەللىي پوزىتسىيە بىزنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئىلىم ئادەملىرىمىزدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. تەخمىنلەر بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلار ھەرگىزمۇ سانلار بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. شۇنىسى كەسكىنكى، نەتىجە-ئۇنۇم قولغا كەلتۈرىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم شۇ نەتىجىگە ئېلىپ بارالايدىغان ھەرىكەت قوللىنىشىمىز شەرت، ھالبۇكى بۇنداق ھەرىكەت دەل ئېنىق، سۈزۈك، توغرا بىلىشلەردىن كېلىدۇ. بۇ توغرا بىلىشلەر بولسا ئۇنى مىقدارلاشتۇرۇشتىن، باشقىچە ئېيتساق ئىلمىيلەشتۈرۈشتىن كېلىدۇ. ئىلمىيلىك ماھىيەتتىن ئېيتقاندا بىر پوزىتسىيە مەسىلىسىدۇر. ئىلمىيسىزلىكنىڭ بىزدىكى ئىپادىلىرىنى سۆزلىسەك ماقالىنى تۈگىتىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ھەممىمىز مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىمىزنى قايتىدىن بىر تارازىغا سېلىپ باقساق بولىدۇ.

## خاتىمە

ئاللاھ تائالا بىزنى مۇنداق ئىككى ئىشقا بۇيرۇغان، بىرسى ياخشى ئىش قىلىش، يەنە بىرسى بولسا ئىشنى ياخشى قىلىشتۇر. ياخشى ئىشلار بىزنى بۇيرىغان ئىشلارنى كۆرسەتسە، ئىشنى ياخشى قىلىش شۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئۇسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بىر غاپىللىقتا قالدۇقكى، بىز پەقەت ياخشى ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، (ئەمەلىيەتتە بۇمۇ يېتەرلىك ئەمەس) ئىشلارنى ياخشى قىلىشقا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىدۇق. ئىشلارنى ئۈنۈملۈك قىلىشنىڭ ئۇسۇل-يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنمىدۇق (ئەسلىدە مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر ئايرىم تېما ئىدى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەزكۇر ھەدىسنىڭ بىزنىڭ سەممىزگە سالىدىغىنى دەل ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ قىلىشتۇر. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەر بىر ئىشنى مەۋجۇت ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ئەڭ يۇقىرى چەككىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا تىرىشسا، كىرىزىسلىرىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىز پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بولۇپمۇ بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ بىركۈندە تىرىشسا بەشيۈز سوم تاپالايدىغان تۇرۇقلۇق، ئىككى يۈز سوم تاپقىچلىك تىرىششى؛ قۇرئاننى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بىلەن بىر يىلدا يادلاش مۇمكىنچىلىكى بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئىككى ئۈچ يىلغا سوزۇشى، ئىككى يىلدا ئۆگىنەلەيدىغان تىلنى تۆت، بەش يىلغا سوزۇشى توغرا ئەمەستۇر. بۇنداق ھورۇنلۇق، پەرۋاسىزلىق، يالقاۋلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئاللاھقا «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دېگەن ئايىتىنىڭ روھىغا زىتتۇر. بۇ ئايەتكە تەتۈر نۇقتىدىن چىقىپ قارىغىنىمىزدا يەنە بىر مەنىسى شۇدۇر: يەنى، سىلەرگە بېرىلگەن ئىمكان، تاقەت ئىچىدە قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇ ئىش چالا قالمىسۇن دېگەنلىكتۇر. بىز دەل ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ئاندىن ئۇشبۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئەمەل قىلالىغان بولىمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئايەتلىرىدىن، ئەمەلىي ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەردىن ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ بىلىش ۋە قىلىشنى مىقدارلاشتۇرۇش باشقىچە ئېيتقاندا، ئىلمىيلەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئىشلارنىڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلماقنى باشقىچە ئىپادىلىگەندە، ھەممە ئىشقا ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلماق، ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل بولماق دېمەكتۇر. چۈنكى ئىخلاسمەن بىر مۇئمىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشنى ئۇنىڭ يۈرىكى قىلىدۇ، قولى ئورۇنلايدۇ. يۈرەك بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجرى، رىئاللىقتا تەسىرى ۋە ئەسىرى بولىدۇ. سەل ئويلانساق، ئىزدەنسەكلا ھاياتتىكى ھەممە ئىشىمىزنى ئىلمىيلىك ئاساسىدا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، مىقدارلىق پىلانلاش بىلەن ھاياتىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. ھاياتنى پىلانلاش ماھىيەتتە مىقدارلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. مىقدارلاشتۇرۇلغان ھايات ئاندىن قىممەتكە تولغان ھايات بولالايدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرلا ھاياتنىڭ تىزگىنىگە كىرىپ قالماي، ھاياتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالالايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ «ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىپ تۇر» دېگەن گېپىگە ئەمەل قىلالايدۇ.




مەلۇم بىر ئولتۇرۇشتا، خەلقنىڭ تەبلىغ بار سورۇنغا قىزىقمايدىغان، ھەتتا تەبلىغ بار دەپ كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئارا شىكايەت قىلىشىپ، مەسىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان بولدۇق. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ ئاخىرى يېزىش قارارىغا كەلدىم، ۋە ئويلىغانلىرىم ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتىم. توغرا بولسا ئاللاھدىن، خاتا بولسا ئۆزۈم ۋە شەيتاندىندۇر. تەنقىت ۋە تۈزىتىشلەرگە دەرۋازا ئوچۇق. ئۇنداقتا گېپىمنى باشلاي.

بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنى زامان ۋە ماكانىنىڭ قانچە تەرەققىي قىلغان بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىگە ئورتاق ماس كېلىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ھەرقانداق بىر كرىزىس يۈز بەرسە ۋە ياكى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان، ئەمما تېخى رويابقا چىقمىغان مەسىلىلەرنىڭمۇ ھەل قىلىش چارىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن تېپىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتىمىز. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىس قوللانغان سۆز ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلاھىي تەرەپتىن بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىر سۆز ياكى بىر جۈملىدىن پەرقلىق چۈشەنچىلەرنى ئېلىش ئارقىلىق، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى خىلمۇ-خىل مەسىلىلەرگە پەرقلىق جاۋاپ تاپالايمىز. شۇ تۈپەيلى زېمىنغا

www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈلۈپ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇن تۆت ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نازىل بولۇش تارىخىغا نىسبەتەن ئېپتىدائىي ھېسابلىنىدىغان، ئەمما ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ۋە مەزمۇننى يېزىشقا زېمىنىدىكى دەل - دەرەخلەر قەلەم، دېڭىز ئوكيانلارنىڭ سۈيى سىياھ بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا قەلەم بىلەن سىياھ ئۇنى يېزىشقا يەتمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىۋاتقان، تېخنىكا ۋە تەرەققىيات ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بۈگۈنكىدەك نۇر دەۋرىدە ھازىرنىڭ ئۆزىدە نازىل بولغاندەك شاھىتلىق ۋە يېتەكچىلىك رولىنى ئويناۋاتقان بۇ قۇرئان، بىزنى قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، بىزنى سەۋدالىق كوچىسىغا سۆرەپ ئەكىرگەن ئىدى. بىزمۇ قۇرئان ۋە ھەدىسكە بولغان ئاشىقلىقىمىزنى ئىسپاتلاش يولىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، مەشۇقىمىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن تىنىم تاپماستىن ھەركەت قىلغان ئىدۇق. بۇ يولدا بەزىلەر جېنىدىن ئايرىلدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە شېھىتلىقىنى قوبۇل قىلسۇن). ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن توپا قېزىش ماشىنىلىرىدا چوڭقۇر قېزىلىپ، ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن دەشتى باياۋانغا كۆمۈۋېتىلدى ۋە ياكى ئىز - دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلدى. قەلبى ئويغاق كىشىلەر ئۆلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، چەكلىك ھاياتنى ئاللاھقا تاپشۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئىش ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە تىكلەپ ھايات سەپىرىدىكى سەۋدالىق يولىدا ماڭدى ۋە مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر بۇ يولدا مەشۇقى ئۈچۈن زىندانلاردا ۋە غۇربەتلىك مۇساپىرلىقتا جان تالىشىۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئۆي - ماكانلىرىدىن، يۈرەك پارىلىرىدىن، ئىقتىسادىدىن ۋە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ سويغان پىيازدەك قاراڭغۇ زىندان ۋەياكى ناتونۇش شەھەرلەردە قەپىسالدى. شۇنداقتىمۇ سەۋدالىق يولى داۋام قىلماقتا، مەشۇقىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ كەلدۇق ۋە تۆلەۋاتىمىز.

بىزنىڭ دۈشمىنىمىز قېنىمىزدا ئىسلامنىڭ بارلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقۋاسى، لەۋاسى، ئىشقىلىپ ھەممىمىزنى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلىپ قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى. بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمىز، تۈرمە زىندانلارغا سولىنىشىمىز ۋە ئۆز يۇرتىمىزغا سىغدۇرۇلماسلىقىمىز ئۇيغۇرلىقىمىزدىن ياكى يەر ئاستى - ئۈستى مول بايلىققا ئىگە بولغانلىقىمىزدىنلا بولماستىن (بۇ سەۋەبلەرمۇ يوق ئەمەس) بەلكى

ئاساسلىق سەۋەب ئىسلامنى ئۆزىمىزنىڭ دىنىي دەپ ئېتىقاد قىلىپ قوبۇل قىلغانلىقىمىز دېسەك ھەرگىزمۇ خاتا بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، شۇنداق زور بەدەللەرنى تۆلەپمۇ يەنە شۇ يولدا ئىزچىل مېڭىشىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتقان ئامىل زادى نېمە؟ مەنچە بۇ سوئالغا ھەرقانداق ئادەم جاۋاپ بېرىشتە ئوخشاش دەپ قارايمەن. ئۇ بولسىمۇ، ھەققەتپەرۋەر ئالىملارنىڭ تەبلىغ قىلىشى، دىنىي سورۇنلارنىڭ يىراق - يېقىن ۋە خەتەرلىك بولىشىغا قارىماي ئاكتىپ قاتنىششى، نەتىجىدە خەلقنىڭ جىننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ باللىرىنى دىنىي مەكتەپلەرگە بېرىشىدۇر. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىخلاسمەن ئالىملىرىمىزنىڭ دىننى كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتكە سىڭدۇرۇشتە ئۆز مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلىشىدۇر.

شۇنداق، بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئوقۇپ، ئوقۇتۇپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ شوئارى قىلغان ئۆلىمالارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ۋە تەبلىغلىرىنى ئاڭلاپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىمىزدىن يىراق، ئۆرپ - ئادەت، يېمەك - ئىچمەك ۋە ھەر نەرسىسى يات بولغان شەھەرلەرگە مۇساپىر بولۇشنى ئۆزىمىز خالاپ ۋە سۆيۈپ تاللىغانمىز. يۇرتتىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا شۇ دەۋەتچى ئۇستازلارنىڭ يارامىلىق ئىز - باسارلىرى بولۇشنى، شۇ ئارقىلىق ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىشنى كۆڭۈللىرىمىزگە پۈككەن ئىدۇق. بولۇپمۇ ئۇستازىمىز كېرەم ئابدۇۋۋېلىدەك ئۆزى ئاغزاكى قىلغان دەۋەتكە ئەمەل قىلىپ، ئەمەلىي ھاياتى بىلەن ئاغزاكى دەۋەتنىنىڭ تەسىرىنى ئىسپاتلىغان كىشىلەر بىزنىڭ چەتكە چىقىشىمىزغا ھەيدەكچى ۋە ۋىجدان قامچىسى بولغانتى.

مەن ھەرۋاقىت ئۇستازىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇنىڭدىكى تىز پۈكمەس روھ، سۇنماس ئىرادە مېنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇراتتى. يىللارچە سۇ تۈرمىلىرىدە ئازابلاپ، پۇت قوللىرى ھەر ۋاقىت كويىزا كىشەنلەر بىلەن باغلاغلىق ھالەتتە يالغۇز بىر ئۆيگە سولاپ قويۇلسا، تەقدىرگە تەن بەرمەستىن يەنىلا ئۆز مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلىش توغرىسىدا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى مېنىڭ پۇتۇن بەدىنىمگە تىترەك ئەپكېلىدۇ. «مېنىڭ جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن مەن يەتكۈزۈشۈم ۋە دەۋەتىمنى داۋام قىلىشىم كېرەك، مەن ئەسلىدە خەلقىمگە سۆزلەيتتىم، شۇ ئارقىلىق خەلقىمنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ياراتقۇچىسىنى تونۇيدىغان، بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان، دۇنيادا ئانىسدىن تۇغۇلغاندەك ئىنسانچە ھۆر ۋە ئەركىن ياشايدىغان، ئۆزى مۇسۇلمان بىر ئۇيغۇر مىللىتى بەرپا قىلماقچى ئىدىم. ئەمما مەن خەلقىمدىن ئايرىلدىم لېكىن جان ۋە ئەقلىدىن ئايرىلمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بولغان كامىرنىڭ تۆت تېمى ۋە كامىر ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقنى، بارلىق كائىناتنىڭ كونتروللىقى ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈشۇم كېرەك. ئۇلار جانسىز بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن مىنىڭ دەۋتىمگە قۇلاق سالىدۇ، مىنى ئاڭلايدۇ، مەن بولسام قولۇمدىن كېلىشچە ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلغان بولىمەن». مەن ھەر ۋاقىت ئۇستازىمىزنىڭ شۇنداق قىيىن ۋە ئۆزگىرىسى قوبۇل قىلىندىغان شارائىتتىمۇ ئۆزىنىڭ دەۋەت يولىدىكى مەسئۇلىيىتىنى توختاتماستىن داۋام قىلغانلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، كىچىككىنە بىر پاشا ياكى كۆمۈتقا ئوخشىغان بىر مەخلۇققا ئۆزگىرىپ، ئۇستازىمىزنىڭ قېشىغا كىرىپ، بىر ئاز بولسىمۇ ھىدىنى پۇراپ يالغۇزلۇقىغا جور بولۇپ چىققۇم كېلەتتى.

ئۇستازىمىز كېرەم قارىم دەۋەتتى ئارقىلىق ئەقلىمىزگە خىتاب قىلسا، ھاياتى ئارقىلىق ۋىژدانىمىزغا خىتاب قىلالايدىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخىرى ھېسابلىنىدىغان بىر زات ئىدى. دۇنياغا كۈچ كۆرستىۋاتقان زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇم ـ ئىسكەنجىلىرىمۇ بوي ئەگدۈرەلمەي ئاخىرى ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كەتتى. (ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن. مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلسۇن).

بىز بولساق شۇنداق ئوت يۈرەك سەممىي ئۇستازلارنىڭ دەۋەتلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئىلىم ئىزدەش يوللىرىدا بەزىلىرىمىز ئوتتۇرا شەرىققە، بەزىلىرىمىز ئافرىقا قىتئەسىگە، بەزىلىرىمىز ياۋورپا ۋە ئاسىيا قىتئەلرىگىچە قەدەم باسقان بولدۇق. جۈملدىن مەن ئانادولۇ ياقىسىغىچە كېلىپ ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا كېتۋاتىمەن. دېمەك يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى دەۋەتنىڭ ساپ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئەپسۇس چەتئەلدە ئىشلار ۋەتەندىكىگە قارىغاندا بىرئاز پەرقلىق كېتىۋاتقاندەك قىلدۇ. چۈنكى چەتئەلدىكى دەۋەت ۋەتەندىكىدەك تەسرى كۈچلۈك بولمايۋاتدۇ ياكى خەلق تەسىرلەنمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە دەۋەتكە ئالاقىدار قۇرئاندىن باشقا (قۇرئان نازىل بولغاندىن باشلاپ قىيامەتكىچە تەسىرى ئۆزگەرمەس كىتاپتۇر) ھەرقانداق

شارائىت ۋەتەندىكىدىن خېلى ئوبدانلا ياخشىلاندى. مەسىلەن: دەۋەت قىلىدىغان ئۆلىمالار، دىن دۈشمەنلىرى سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن (چارىسىزلىك تۈپەيلى بولسىمۇ) چىقالماسلىقتەك ئىشلار تۈگىدى. تەبلىغ قىلىدىغان ئورۇنلار غەم-ئەندىشىسىز ھالەتكە كەلدى. ئۇنىدىن باشقا دەۋەتكە قۇلاق سالىدىغان جامائەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىندار ۋە دىنىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى دەپ قارىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بولدى. ھەممە نەرسە ياخشىلىنىپ تۇرۇپمۇ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەب نەدە؟ مېنىڭچە بۇ سوئال ھەممىمىزنىڭ نېرۋىمىزنى غىدىقلاۋاتىدىغۇ دەپ قارايمەن.

ئۇنداقتا مەن بۇ مەسىلىنى رىئاللىقىمىزدىن ھېس قىلغىنىم بويىچە بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ، قىسقىغىنە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتسەم، قېرىنداشلارنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئاكتىپ بولۇپ، جانلىق ۋە تېخىمۇ ئاقىلانە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئارقىلىق، كەم ياكى خاتا بولۇپ قالغان تەرەپنى تولۇقلاپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىدا ھەل بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىردەك كۈچ چىقارساق دېگەن ئۈمىدتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى بايان قىلماقچىمەن.

1- ۋەتەندە تەبلىغ ئاڭلايدىغان خەلق، ئۇستى ئۈچۈق ئەمما ئەتراپتىكى ئۈچۈرلاردىن مەھرۇم قىلىنغان، بەئەينى تۇرمىدىكى جىنايەتچىگە ئوخشاش تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ، ئەزگۈچى تەرەپ ھەرۋاقىت ئىزىلگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدا ياۋۇزلارچە كۈچ كۆرسىتىپ تۇرغان. خەلق بولسا، قەلبىدە بۇلدۇقلاۋاتقان غەزەپ-نەپرىتى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئەھلى-ئىلىم دەۋەتچىلەر خەلقنىڭ قەلبىدىكى سىقىلىش ۋە دىلغۇللۇقنى قۇرئان ۋە ھەدىستىكى زالىمنىڭ ئاقىۋىتىگە ئالاقىدار تارىخى قىسسە ۋە زالىمغا قارشى تىك تۇرغان باتۇرلارنى مىسال قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ياشاۋاتقان رېئال تۇرمۇشى بىلەن قۇرئان ۋە ھەدىس ئوتتۇرىنى باغلىغان. شۇ ئارقىلىق قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ خەلق ئارىسىدا تىرىك ياشايدىغان بىر ھالىتىنى بەرپا قىلغان. خەلق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغانسىرى قۇرئاننىڭ شۇنچە رېئال ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇت ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، خەلقنىڭ دەۋەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە يېپىشىچانلىقى ئېشىپ ماڭغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا خەلقنىڭ مېڭىسىنى غىدىقلايدىغان مەلۇماتلار كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئاساسى جەھەتتىن خەلقنىڭ دىققىتى دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنغا

قارشى ھاكىمىيەتنىڭ باستۇرۇشى ئارىسىدىلا بولۇپ، خەلقنىڭ دىنغا بولغان مايىللىقى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ ماڭغان. چۈنكى ئەرەپچىدە (ئىنسان چەكلەنگەن ئىشنى قىلىشقا بەك ئامراق) دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆز ئومۇمىي جەھەتتىن كۆپ ساندىكى نورمال ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما چەتئەلدە بولسا ئىنسانلار ئەركىن دۇنيادا خالىغىنىنى قىلىپ، خالىغىنىنى كۆرۈپ ياشايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تېلېۋىزوردىن مەلۇماتلار دەريانىڭ سۈيىدەك ئېقىپ كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەپتىن بىرقانچە مەسىلە خەلقنىڭ نامراتلىشىپ كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان روھىنى، قۇرت دەرەخنى ئىچىدىن يەپ تۈگەتكەندەك يەپ تۈگىتىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن خەلقنىڭ كاللىسىنى غىدىقلايدىغان نەرسە كۆپ. ھەممە نەرسە خەلقكە نىسبەتەن بىر قېتىم كۆرگەن ياكى ئوقۇغان دىگەندەك يېڭىلىق ھېس تۇيغۇسى ئېلىپ كېلەلمەيدىغان يەرگە يەتتى. ئەمما ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىدا بىر ھەل قىلىش چارىسى يوق. ھەم خەلقنىڭ مىللەت، دۆلەت ۋە دىن ئوقۇمنى بىر- بىرىگە زىتلەشتۈرمەي ياكى بىرىنى يەنە بىرىدىن ئاجرىتىۋەتمەي ھەممىسىنىڭ ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىرى بەك ئاز. ئۇنداق بولغانىكەن ئاددىيغىنە تەييارلىق ئارقىلىق قىلىنغان تەبلىغنىڭ، خەلق ئىزدىگەنلىرىنى بېرەلمەسلىكى ۋە خەلق بولسا گادىرماچ خىياللارنىڭ ئىچىدە مەست ھالەتتە يۈرۈۋاتقانلىقى، دەل دەۋەتنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن.

2-ۋەتەندە دەۋەت قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى ئىككىلى تەرەپ، بولۇپمۇ قىلغۇچى تەرەپ بەكراق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان ئاساستا دەۋەت سورۇنى تەشكىل قىلىندىغان بولۇپ، بۇنداق ۋەزىيەتتە سورۇننى بىر خىل سەممىيەت قاپلايدىكەن. دەۋەت قىلغۇچىنىڭ سەممىيىتى بىلەن يۈرەكتىن قىلغان سۆزلىرى ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ ھەم يۈرىكىگە تېگىدىكەن. خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرۈيدىغان بىر گەپ بولىدىغان:(يۈرەكتىن چىققان سۆز يۈرەكتە توختايدۇ، ئېغىزدىن چىققىنى قۇلاقتا). ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندە دەۋەتتە يۈز تاپقانلارنىڭ بېشىدا ھەر ۋاقىت بالا-قازا ئەگىپلا يۈرۈيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار رىيادىن بەكراق ئىخلاسقا، ۋەزىپىدىن بەكراق ئۆزىنى بېغىشلاشقا يېقىن. بۇنداق دىگەنلىكىم

چەتئەلدىكىلەر رىيا ۋە ۋەزىپىگە قىلىدۇ دېگەنلىكىم ئەمەس. پەقەتلا ۋەتەننىڭ شارائىتىدىكى ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمەكچى خالاس. ئەمما چەتئەلدە، ۋەتەندىكى شۇ ئىخلاسنىڭ ئۆزى دەۋەت قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە يوقلىقى بۇمۇ ھەممىگە مەلۇملۇق مەسىلە.

3 ـ ۋەتەندە خەلق ئاڭلىغان تەبلىغقا قاراپ، دۇشمەنگە قارشى بىر ئىسلامىي كىملىك يارىتىشقا تىرىشاتتى. ياراتقان كىملىكنىڭ ئېنىق ئىپادىسى خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن خەلق شۇ رايونغا ماس بولغان مۇسۇلمان كىملىك بەرپا قىلىشتا قايمۇقۇشقا چۈشۈپ قالمايتتى. ئەمما چەتئەلدە خەلق ئاڭلىغان دەۋەتلىرىگە قاراپ بىر ئۇيغۇرچە مۇسۇلمانلىق كىملىك يارىتىشقا تىرىشسا، جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمان كىملىكى باشقا بىر قىياپەتتە ئەكس ئېتىۋاتقان. ئاياللارنىڭ قولىدىكى تاماكا، بېشىدىكى ياغلىق، ئۇچىسىغا كەيگەن كىيىمنىڭ تايىنى يوق، مەسچىتكە كىرىپ ناماز قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئەرلەرنىڭ بولسا ئېڭىكىدە ساقال، مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان، باللىرى ئىسلامغا زىت يۇرۇش تۇرۇش بىلەن تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋاتقان ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى قېلىپلىشىپ قالغان، سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۆزىدەك ئىبادەت قىلىشقا كۆندۈرۈۋاتقان دىگەندەك مەسىلىلەر جەمئىيەت تەرىپىدىن خەلقكە سۇنۇلۇۋاتقان بىر پەيتتە، خەلق قايمۇقۇش ئىچىدە ئىسلامنىڭ قايسى كىملىككە تەۋە بولۇشنى بىلەلمەي، ئاخىردا بىزنىڭ قىلغان دەۋەتلىرىمىز ئۇنۇمسىز بىر ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنىڭ ئارىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن: ئانا تىلىمىزنى ۋە ئۆرپ ئادىتىمىزنى قوغداشنى، ئاللاھنىڭ مىللەتلەرنى پەرقلىق يارىتىشتىكى قانۇنىيىتىگە باغلاپ، ئۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش بىز مىللەتنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئامانەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنى ئالغا سۈرۈۋاتقان ئىش بېشىدىكى بۈيۈكلىرىمىزنىڭ باللىرىدا، نە ئۇيغۇرچە گەپ، نە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈلمەيۋاتقانلىقى، ھەممە شۇ يول باشلاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىزلىرىنىڭ كىيىنىشى ئىسلامچە ئەمەس تۇرۇۋكچىلىشىپ ياكى غەرپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى دىگەندەك بىر تالاي مەسىلىلەرمۇ خەلقىنىڭ زىھنىيىتىدىن يىراق ئەمەس. دىمەك يۇقىرىقىلار ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ، ئاساسلىق مەسىلە ھەل بولسا قالغان ئۇششاق مەسىلىلەر ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدۇ.

دەۋەت دىمەك ئالاقە دىمەكتۇر. بۇ گاھىدا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولسا، گاھىدا بىر ئادەم تەرەپتىن بىر توپ ئىنسانلارغا قارىتا بولىدۇ. ئەمما ھەرۋاقىت دەۋەت قىلغۇچى(ئالاقە قىلغۇچى) بىر ئادەم بولىدۇ ياكى تېلېۋىزور، رادىئو ۋە تور ئالاقە ۋاستىلىرى دىگەندەك نەرسىلەر بولىدۇ. قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئىلگىرى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندە، ئالاقىنىڭ ئۈنۈمى يۇقۇرىدا ياخشى بولۇپ، قارشى تەرەپتىكى ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ۋە سۆزلىگەن سۆزلىرىگە تامامەن قانائەت قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق مۇشۇ كۈنلەردە ئىبلان تەشۋىقات ۋە خەۋەرلەرنىڭ رەھىدارلىقى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. قانچە يېڭى ئۇسلۇب ۋە يېڭى مېتودتا خەلقكە سۇنۇلغانلىرى شۇنچە ئالقىشلىنىپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئۆزى ياقتۇرغان شەخستىن بىۋاستە ئاڭلىغان ياكى بىر تەشۋىقات ۋاستىسىدە بېرىلگەن نەرسىنىڭ راس ياڭلىشلىقىغا قاراپ ئولتۇرماستىن ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە ھايات قارىشىنى ئۆزگەرتىدىغان ھالغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا (تەشۋىقات جېڭى) دۇنياسى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تەبلىغ-دەۋەتلىرىمىزمۇ ئەلۋەتتە شۇلارنىڭ قاتارىدىن بىر تۈرىدۇر. باشقىلار يامانلىققا چاقىرىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشچە يېڭىلىققا تايىنىپ كۈچەۋاتسا، بىز ياخشىلىققا چاقىرىشتا نېمە ئۈچۈن ئۇلار قىلغاننىڭ توغرا بولغان ۋە قولىمىزدىن كېلىدىغان تەرىپىنى قوللىنىپ ھەركەت قىلمايمىز! مەن تۆۋەندە دەۋەتچىلىرىمىز ئۆزىدە مۇجەسسەملەشكە تېگىشلىك ئالاھىدە نۇقتىلارغا ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرى بۇيىچە ئىشارەت قىلىپ ئۆتمەكچى.

1- دەۋەت قىلىنغۇچى ئىنسانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، قەلبلىرىدىكى ئاڭلاشنى خالايدىغان گەپ-سۆز، پىكىرلىرى، ۋە شۇنداقلا ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئۇلارغا كېلىۋاتقان تەسىر، ھەم ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەسىرىگە قارىتا بولغان ئىنكاسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش

بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى جەمئىيەتتىكى ئاددىي بىر ئىنسان بىلەن دەۋەتچى ئالىمنىڭ كۆز قاراش ۋە جەمئىيەت تەسىراتىنىڭ ئوخشاش بولىشى ناتايىن. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ قەلب تەقەززالىرىدىن خەۋەرسىز ئۆز كاللىمىزدىكىنى ئۇلارغا تاڭساق، ئۇلار قەلبلىرىدىكى چاقىرىقنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئاۋازنى ئىزدەپ كېتىپ قېلىشى، ياكى بىزنىڭ قىلغان نىدالىرىمىزنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھالىتىنى بىلمىگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىللىتىگە ماس ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ سەل يىراقلاپ كېتىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن سورۇندىن غايىپ بولىدىغان ياكى ئېغىر بولغاندا جامائەت شەكىللىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

2 ـ قارشىسىدىكى ئادەمگە قىلىدىغان خىتاپنى ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، دەيدىغان گەپ سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ئېنىق، پاكىتلىق، سان ـ سىپىرلىرى توغرا ۋە جانلىق مىساللار بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن بولىشى كېرەك. مەسىلەن قاراپ باقىدىغان بولساق زىيالىيلار نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلسە يۇقىردا دېيىلگەندەك شەكىلدە كېلىدىغان بولۇپ، ئادەملەر زالغا پىتىشمايدىغان، قىلغان گەپ سۆزلىرىنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يۆتكىشىپ يۈرۈيدىغان ھالەتلەر ۋەتەندىمۇ بارتى. چەتئەلدىمۇ ھەم شۇ، بەلكى چەتئەلدە كۆندىن كۆنگە جانلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بىزمۇ ئۇلاردىن دەۋەت ساھەسىدە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقىمىزگە سۈپەتلىك، جەمئىيەتتە مەۋجۇت مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق بىر تېما تۇرغۇزۇلغان، بىر مەسىلىنى ياكى بىر تۈر كىشىلەرنى بايان قىلىمەن دەپ يەنە بىر تەرەپكە تىل تەگكۈزۈلمىگەن، چېكىت ۋە پەشلىرىغىچە ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلانغان ماتېرىيال ئارقىلىق دەۋەت ئېلىپ بېرىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

3 ـ قىلىنغان دەۋەت ۋاستىسى ئارقىلىق خەلققە يېتىدىغان ئارىدىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن يۇقىرىسى دەۋەتچىنىڭ كىيىم ـ كېچەكى ۋە تەقى ـ تۇرقىدىن باشلاپ تۆۋىنى مىكروفۇنغىچىلىك دىققەت قىلىش لازىم. بىز يۇقىردا دەۋەتنى بىر ئالاقە دېگەن ئىدۇق. دەۋەتنىڭ ئالاقە بولغىنىغا ئوخشاش ئۇ كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكمۇ ئالاقىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. قارشىسىدىكى كىشىلەرمۇ كىيىلگەن كىيىمنىڭ رەتلىكلىگى ۋە سۈپەتلىكلىكىگە قاراپ سۆز قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالىدۇ. ئاددىي مىسال، كاستۇم بورۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىۋالغان ۋە ئۈستى بېشى ناھايىتى رەتلىك بىرى بىلەن، ئاددىي كىيىم كىيىۋالغان ئۈستى بېشى تەبىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بىرسى ئالىي بىر مېھمانسارايى ياكى سودا سارايىغا كىرسە،

uyghurkitap.com

بۇلارنىمۇ بىر چەتتە قويۇپ، ئۇلارنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغىلا كەلدى دەيلى، ئۇ ۋاقىتتا سىز ئۇلارغا بولغان ئوي-خىيال ۋە ھېس تۇيغۇڭىزنى قانداق ئىپادىلىگەن بولاتتىڭىز؟ . بەلكى دەماللىققا ئۇلارنىڭ گەپ سۆزىگە قاراپ دېيىشىڭىز مۇمكىن. مەن بۇ يەردە گەپ سۆز قىلماستىن پەقەتلا سىز بىلەن كۆرۈشكەن ھالىتنى دەۋاتىمەن. ئەلۋەتتە كاستۇم-بۇرۇلكا، گالستۇك ۋە رەتلىك، ئۈستى-بېشى پاكىز كىشى سىزنىڭ پۈتكۈل ئەس يادىڭىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئاللىقاچان دوكتۇر، دوكتۇر ئاشتى ۋەياكى ئالىم پەيلاسوپ دەپ كۆڭلىڭىزنىڭ بىر يەرلىرىدە ھۆكۈم قىلىپ بولىسىز. يەنە بىر تەبىئىي ئادەم پەقەتلا سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇ سۈپەتلىك كىيىمنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى قىلىدىغان بىرسى بولسىچۇ؟ . ئۇ ۋاقىتتا بۇ كۆرۈنۈش سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئېپتىخار تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. سىز ئادەمدىن ئەمەس بەلكى ئۈستى بېشى رەتلىك زامانىۋى كىيىنىۋالغان بىرىنىڭ ئېغىزىدىن ئىسلامنىڭ چىقىۋاتقانلىقىدىن ئېپتىخار ھېس قىلىسىز. ئەتراپىمىزدىكى تۈرۈك ئالىم بولسۇن، ۋە ياكى ئەرەب ئالىم بولسۇن قاراپ باقسىڭىز كۆپىنچىسى شۇنداق كىيىنىۋالغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ مەقسىتى جامائەتنى گەپ قىلماي تۇرۇپ ئۆزىگە جەلپ قىلىش، ئارقىدىن قىلماقچى بولغان سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى دەۋەتكە ئەل قىلىشتۇر. سىز ئېتىراپ قىلىڭ ياكى قىلماڭ بۇ ھازىرقى ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىزنىڭ دەۋەتچىلەردىن كۈتكىنىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا سەھنە تۈزۈلۈشى ۋە ياڭراتقۇ ئاۋازى دېگەندەكلەرگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى دەۋەتنىڭ سۆزلىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇرۇنقىدەك باشتىن بىر كىرگەنچە ئاياغدىن چىقماي، لېكسىيە شەكلىدە قىلىپ، سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ ئانا تېمىلىرىنى ئېكراندا گۈزەل شەكلىدە چىقىپ تۇرىدىغان لاھىيىلەپ، سۆزلىگۈچى سەھنىدە مېڭىپ يۈرۈپ ياكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلىسە ئاڭلىغۇچىلارغا يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ دە، دەۋەت جەريانىدا كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن كۆرۈنۈشلەر جامائەتكە تەسىر قىلىدۇ. بىر قېتىملىق لېكسىيىگە (تەبلىغكە) ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىنغان تەييارلىقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئەمگەك ۋە سەمىمىيەتنى خەلق ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلىدۇ.

4-دەۋەتتىن كېيىن خەلقتىن قايتقان ئىنكاسقا دىققەت قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى شۇ ئىنكاس، قىلىنغان تەبلىغنىڭ نەتىجىگە ياكى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى سىزگە دەپ بېرىدۇ. بەلكى ئارىمىزدا، تەبلىغنى خەلقنىڭ

ئىنكاسىغا ئەمەس ھەقنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىش كېرەك دەيدىغانلامۇ يوق ئەمەس. بىزنىڭ خەلقنىڭ ئىنكاسى بىلەن ئىشىمىز بولمىسا، نېمە قىلىمىز خەلققە تەبلىغ قىلىپ. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىنىڭ، مەككە خەلقى تەرەپتىن كېلىدىغان سەلبىي ئىنكاسقا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا دېگەن مۇنۇ سۆزى بار: «ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ۋاقتى كاپىرلىق زامانىغا يېقىن بولمىغان بولسا، ۋە مەن كەبىنى قۇرۇشقا يېتەرلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان بولسام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇتقان كەبىنىڭ ئۇلىنى ھازىرقى كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتقان بولاتتىم ۋە كەبىگە ئىنسانلارنىڭ كىرىشى ئۈچۈن بىر ئىشىك، چىقىشى ئۈچۈن بىر ئىشىك قىلغان بولاتتىم». يۇقىرىقىغا ئوخشىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا دىققەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن نۇرغۇنلىرى بار. ئۇنداقتا بىزمۇ ھەم ئەتراپىمىزدىكى ئىسلاھاتقا مۇھتاج، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىملار ئىچىدە تىخىرقاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئىنكاسلىرىغا دىققەت قىلىپ، شۇنىڭغا قارىتا دەۋەت ئېلىپ بېرىشىمىز، ھەر تۈرلۈك تەشۋىقاتلىرىمىزنىڭ غەلبىگە ئۇلىشىشى ئۈچۈن ئاساس بولغۇسى.

ئاخىرىدا شۇنى ئىلاۋە قىلىپ قويۇشنى توغرا دەپ قارىدىم. ئەھلى-ئىلىم ئۇستازلار قىلغان دەۋەتلەردىن بىز توغرا چۈشىنەلمىگەن، ياكى كاللىمىزدىن ئۆتمىگەن تەرەپلىرى بولسا، ئاۋام خەلق بىلەن بىرگە دەۋەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى باشلىماستىن، ئاۋۋال شۇ ئۇستازنىڭ ئۆزى بىلەن ياكى ئۆلىمالار بىرلىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا ئۈندىسەك. ئەگەر ئەتراپىمىزدا شۇنداق خاتا چۈشەنچىدىكى كىشىلەرنى ئۇچراتساق، ئۇلارغا توغرىسىنى چۈشەندۈرسەك. چۈنكى دىنىي يەتكۈزۈش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلىمالار بىرلىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما يېڭى قۇرۇلغانلىقى تۈپەيلى قوللاش-قۇۋۋەتلەشكە مۇھتاج ئورۇننى قوغداش سىز ۋە مېنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ئۇلار بىلەن يۈز تۇرانە ياكى تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنماي، ئۆزىڭىزچە كوچا-كويلاردا ۋە ئىجتىمائىي تور ۋاستىلىرىدا ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، خەلق قەلبىدىكى ئورنىنى چۈشۈرۈشكە ئورۇنىشىڭىز ھەرگىزمۇ سىزنىڭ تەقۋا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئاخىرىدا ئاللاھتىن، ئىسلاھاتچىلارغا ھىكمەت، ئاۋام خەلققە ئاڭ-سەۋىيە ئاتا قىلىشنى سورايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋسترالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇررازاق قارىم | 00905468720476 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | ياسىن ئابدۇلھەكىم | 00966532071205 |